بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

3

1984



مەملكەتلك سياسى مەسلھەت كېڭشنڭ مۇئاۋن رەئسى ياڭ جڭرېن ئسلام دۇنيا ئتتپاقى ۋەكللەر ئۆمگنڭ ئەزالرى بلەن كۆرۈشمەكتە.



مەملكەتلك سياسى مەسلھەت كېڭشنڭ مۇئاۋن رەئسى، جۇڭگو ئسلام جەمىيتنڭ پەخرى مۇدرى بۇرھان شەھدى ئسلام دۇنيا ئتتپاقى ۋەكللەر ئۆمگنڭ ئەزالرى بلەن كۆرۈشمەكتە.

گوۋۇيۈەن دنى ئشلار ئدارسنڭ باشلغى رېن ۋۇجژ ئسلام دۇنيا ئتتپاقى ۋەكللەر ئۆمگنڭ ئەزالرغا زياپەت بەردى.


مەملكەتلك سياسى مەسلھەت كېڭشنڭ مۇئاۋن رەئسى ياڭ جڭرېن بېنگال مۇسۇلمانلرى ۋەكللەر ئۆمگنڭ ئەزالرى بلەن كۆرۈشمەكتە.

(تۆۋەندن سول تەرەپتكسى)



مەملكەتلك سياسى مەسلھەت كېڭشنڭ مۇئاۋن رەئسى ياڭ جڭرېن بېنگال مۇسۇلمانلرى ۋەكللەر ئۆمگنڭ باشلغى سدق بلەن سەممى قول ئېلشپ كۆرۈشمەكتە.

(تۆۋەندن ئوڭ تەرەپتكسى)





# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژورنال)

3

1984 - يىل

(ئومۇمى 16 - سان)

## مۇندەرىجە

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى (1)..........ما جاۋچۈن ( 2 )

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرى
مۇدىرى ئابدۇرەھىم ماسۇڭتىڭ ئاخۇنۇمنىڭ رادىيو نۇتقى..........( 26 )

ھىجرىيە كالىندارى توغرىسىدا بىرقانچە مەسىلە..........چېن جىنخۇي ( 28 )

نيۇجيې مەسچىدىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش..........شى كۇنبىن ( 35 )

ئىسلام دىنىنىڭ نىكا توغرىسىدىكى ئەھكاملىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش.......... لى فۇخې ( 40 )

"جەننەت ئاناڭلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر"..........ليۇ جېن ( 46 )

ناماز توغرىسىدا قىسقىچە ساۋات..........چېن گۇڭيۈەن ( 49 )

شەندۇڭ ئۆلكىسى مۇسۇلمانلىرىنىڭ چامباشچىلىق پائالىيىتى توغرىسىدا..........ياڭ جەنشەن ( 53 )

ئۆممەت ۋە تەكلىپ..........باۋ جيەنخاڭ ( 63 )

بېيجىڭ نيۇجيې مەسچىتىدىكى ئابدە شىپىڭى..........(مۇقاۋىدا)

※ 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشىردىن چىقتى ※

# پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى (1)

ما جاۋچۈن

مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ئېغىر ئىجتىمائى، ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بېرىپ، كەينى ـ كەينىدىن كۆرۈلگەن ئىچكى ئەنسىزلىك ۋە تاشقى تاجاۋۇزچىلىق ئارقىسىدا، تۈرلۈك دىنىي ئىدىيىلەر چىرمىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەرەپ مىللىتى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان زۇلمەت ئىچىدە گاڭگىراپ قېلىۋاتقان چاغلاردا، مەككىدىكى ھاشىم جەمەتىدىكى بىر ئائىلىدە بىر ئوغۇل بالا دۇنياغا كەلدى. ئۇ ھازىر دۇنيادا يۈز مىليونلىغان كىشى ئېتىقات قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇنىڭ قانداقىسىگە بىر نامرات، يېتىم بالىدىن ئۆسۈپ ئىنسانىيەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئەرباپ بولۇپ يېتىلگەنلىكى، تارىختا قانداق ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ئىسلام دىنىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر ئادەمنىڭ ئويدان چۈشىنىشى، دۇنيا تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ھەر بىر ئالىمنىڭ توغرا مۇئامىلە قىلىشى زۆرۈر بولغان زور مەسىلە.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئۇ ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي بەزىلەر خاتىرىلەشكە كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەر يوقاپ كەتكەن؛ كېيىنكى چاغلاردا ئەنئەنىۋى قوللانما بولۇپ قالغان بىر ئاساسلىق خاتىرە ئىبنى ھىسام (مىلادىنىڭ 833 ـ يىلى ۋاپات بولغان) يازغان «رەسۇلۇللانىڭ تەرجىمىھالى» بولۇپ، بۇنىڭدىكى ماتېرىياللار ئاساسەن ئىبنى ئىسھاق (مىلادىنىڭ 767 ـ يىلى ۋاپات بولغان) يازغان «ئاللانىڭ ئەلچىسىنىڭ تەرجىمىھالى»دىن ئېلىنغان. ئەل ۋاقىدى (مىلادىنىڭ 822 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ھەدىسكە ئاساسەن، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى غازاتلار ۋە ئىسلام ئېچىش ھەركەتلىرى خاتىرىلەنگەن «ئۇرۇش تارىخى»نى يازغان. ۋاقىدىنىڭ كاتىۋى ئىبنى سەئىد (مىلادىنىڭ 845 ـ يىلى ۋاپات بولغان) 15 جىلدلىق «رەسۇلۇللا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دىگەن كىتاپنى تۈزۈپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە تابىئىلار (ساھابىلارنىڭ سۆھبىتىدە بولغانلار)نىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىققان. ئىبنى جەرىر تەبەرى (838 ـ 923) يازغان «رەسۇلۇللا ۋە پادىشالارنىڭ تارىخى» ئەرەپلەرنىڭ تۇنجى مۇكەممەل دۇنيا تارىخى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ مىلادىنىڭ 915 ـ يىلىغىچە بولغان ئىشلار يېزىلغان، بۇ كىتاپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان تارىخىي كىتاپلار كېيىنكى چاغلاردا ئىسلام تارىخشۇناسلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم ماتېرىيالى بولۇپ قالغان. لېكىن، بۇ ئەسەرلەر 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە يەنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ 100 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قۇرئان كېرىم بىلەن ھەدىس شېرىپ

ئىپتىدائى ماتېرىيال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىراق، ھەدىسمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چاغدا خاتىرىلەنگەن بولماستىن، بەلكى كېيىن ئۆتكەن نۇرغۇن مۇھەددىسلار (ھەدىس ئالىملىرى) تەرىپىدىن توپلانغان ۋە دەلىللەنگەن. قۇرئان كەرىملا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرىگە دائىر شەك-شۈبھىسىز ھۆججەت ھېساپلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئاغزى بىلەن يەتكۈزگەن، شۇ چاغدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن خاتىرىلىۋېلىنغان "ئاللانىڭ سۆزى" بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغان 23 يىل ئىچىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى بىلەن ئالاقىداردۇر. قۇرئان كەرىم ۋە باشقا ھۆججەتلەر تەمىن ئەتكەن چەكلىك پاكىتلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىغا دائىر ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئاساسىي يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالايمىز.

قۇرئان كەرىمدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاساسەن "ئاللانىڭ ئەلچىسى" ۋە "ئاخىرقى پەيغەمبەر" سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان تەقۋادار زاتتۇر، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى خىسلەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى، ئۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى جەملەپ، بەرھەق ئاللاتائالا تاپشۇرغان "ئاگاھلاندۇرۇش" ۋە "بىشارەت بېرىش" ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلغان. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىشتا دىنىي ئىسلاھات بىلەن ئىجتىمائى ئىسلاھاتنى بىرلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەككە دەۋرىدە، "بىر ئاللاغىلا ئىشىنىش"نى مەركەز قىلغان دىنىي ئېتىقاتنى تەشۋىق قىلىشنى ئاساس قىلغان؛ مەدىنە دەۋرىدە، قانۇن-تۈزۈم ئورنىتىشنى ئاساس قىلغان. دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ سىياسىي ۋە ئىجتىمائى ئىسلاھاتقا بارغانسېرى كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائى شارائىتتا دىنىي ئېتىقات بىرلىكى بولمىسا، سىياسىي بىرلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇ ئىسلاھاتلارنى "بىر ئاللاغىلا ئىشىنىش" تىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيە ئاستىدا ئېلىپ بارغان. شۇنىڭدەك ھايات چېغىدا ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلىش ۋە ئەرەپ يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلاپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقى بىلىمگە ئىگە ۋە ۋاقىتقا ھەم شارائىتقا يارىشا ئىش تۇتۇشقا ماھىر دىنىي ئالىم ھەم سىياسىيون ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئاساسەن، دىنىي ئالىم بولۇپ، بىر ئاللاغا ئېتىقات قىلىدىغان دىننى باشتىن-ئاخىر تەرغىپ قىلغان. ئەينى چاغدىكى ئەرەپ جەمئىيىتىدە، پەقەت دىنلا ئەرەپلەر دۆلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيتتى، سىياسىي ئۇقۇم بولسا ئۇلارغا زادىلا تونۇش ئەمەس ئىدى. دىن كۆرۈنۈشتە ۋە تەشكىلىي جەھەتتە سىياسىي تۈس ئالغان بولسىمۇ، لېكىن يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ئۇ يەنىلا دىن ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز، تەسىرىنىڭ چوڭقۇر بولۇشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەرپ دىنىي ئالىملىرىنىڭ ئالاقزادە بولۇشى ۋە تۆھمەت قىلىشىغا سەۋەپ بولدى. ئۇلار مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى بىدئەتچىلىكنى تارقاتقۇچى ۋە سىياسىي قارانىيەت ئادەم دېيىشتى. ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرى بارا-بارا شۇنى تونۇپ يەتتىكى، بۇنداق ئۇلۇغ ھەم تەسىرى چوڭقۇر بولغان ھەركەتنى سىياسىي قارانىيەتلەرنىڭ ياكى دىن سودايىلىرىنىڭ قوزغىيالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس؛ سىياسىي ياكى دىنىي يول بىلەن

شەخسى مەقسىدىگە يەتمەكچى بولغان ئادەم بىر مەھەل غەربنىڭ ئىشقا ئاشۇرغان تەقدىرىدىمۇ، ئۇ تارىخنىڭ سىنىغىدىن ئۆتەلمەيدۇ. ئەمما زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشماقچى بولغان، ئىسلام دىنىنىڭ "ئاخىرقى پەيغەمبىرى" ۋە "ئاللانىڭ ئەلچىسى" بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدەك ئۇ دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنى تارىختا غايەت زور رول ئويناپ، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كارامەت تۆھپىلەرنى قوشتى. ئىسلام دىنى 1 مىڭ 400 يىللىق سىناقتىن ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان، ھەرقايسى مەملىكەتلەر خەلقىدىن 800 مىليوندىن ئارتۇق كىشى ئېتىقات قىلىدىغان دىنغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئېتىقاتچىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال تارىخشۇناسلارنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىغا ۋە ئىزدىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

بىز بۇ يەردە، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇنى بويىچە "مەككە دەۋرى"، "مەدىنە دەۋرى" دېگەن دەۋرلەرگە ئايرىپ، قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز ھەمدە ئۇنىڭ تارىخىي ئورنىغا ئوبيېكتىپ باھا بېرىپ ئۆتىمىز.

## مەككە دەۋرى (570 ــ 610 ــ 622)

### 1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 570 ـ يىلى مەككىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ مەنسۇپ بولغان ھاشىم جەمەتى مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە مەشھۇر ئەمما ھۆكۈمران ئورۇندا بولمىغان جەمەت ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن ئاۋال دادىسى ئابدۇللا سودا ـ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن سۈرىيىگە بېرىپ، قايتىش سەپىرىدە مەدىنىدە ۋاپات بولدى، پەيغەمبىرىمىز ئانىسىنىڭ قوسىقىدا قالدى. ئەرەپلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئات قويۇش ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇلقاسىم مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىم بولۇپ، ئادەتتە مۇھەممەت (مەدھىيىلەنگۈچى) دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىم (61 ـ سۈرە، 6 ـ ئايەت) دە ئۇ ئەھمەت (مەدھىيىلەشكە ئەرزىگۈچى) دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر بەزىدە ئۇنى ئەمىن (سادىق ـ ئىشەنچلىك كىشى) دەپ ئاتاشقان.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كۆز ئاچقان يىلى يەمەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھەبەش پادىشاسى ئەبرەھە "پىلچىلەر قوشۇنى"نى باشلاپ مەككىگە تاجاۋۇز قىلىپ مەقسىدىگە يېتەلمىگەچكە، بۇ يىل "پىل يىلى" دەپ ئاتالغان. قۇرئان كەرىمنىڭ 105 ـ سۈرىسىدە بۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنغان. بۇ ۋەقە داۋامىدا، خىرىستىيان دىنى تاجاۋۇزچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەرەپلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. بۇ ۋەقە ئەرەپلەرگە سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەرەپ قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەت قۇرۇش كېرەكلىكىنى تونۇتقان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاشۇنداق تارىخىي شارائىتتا دۇنياغا كەلگەن.

## 2. ياشلىق ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى

ئەرەپ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، باللار سەھرادىن تېپىپ كېلىنگەن ئىنىكئانىغا ئەمگۈ-زۈلەتتى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئانىسى ئامىنە ئۇنى بەنى سەئىد قەبىلىسىدىن بولغان ھەلىمىگە بېقىشقا بەرگەن. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 6 ياشقا كىرگەندە ئانىسى قازا تېپىپ، بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ يېنىدا قالغان؛ ئىككى يىلدىن كېيىن ئابدۇل-مۇتتەلىبمۇ ۋاپات بولغان، ئابدۇلمۇتتەلىب ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۇنى تاغىسى ئەبۇتالىبقا تاپشۇرغان. تاغىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۇ چاغدا ئەرەپ جەمىيىتى "نادانلىق دەۋرى"دە تۇراتتى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام باللىق چېغىدا ئوقۇشسىز قالغانلىقى ئۈچۈن خەت يازالمايتتى، كىتاب ئوقۇيالمايتتى. ئۇ باللىق چاغلىرىدا پادا باققان. بەزىلەر ئۇنىڭدىن سەن پادا باققانمۇ دەپ سورىغاندا، ئۇ "ھەئە! مەن دائىم مەككىلىكلەرنىڭ قويىنى بېقىپ، ئاز ـ تولا پۇل تاپاتتىم" ① دېگەن. ئۇ يەنە "قوي بېقىپ باقمىغان كىشىنى ئاللاتائالا پەيغەمبەر قىلمايدۇ"② دېگەن.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 12 ياشقا كىرگەندە، تاغىسى ئەبۇتالىب بىلەن بىرگە سۇرىيىگە تىجارەتكە باردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار بۇ قېتىملىق سەپىرىدە، خرىستىيان راھىبى بەھىرا بىلەن ئۇچراشقان، ئۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدا «ئىنجىل»دا بىشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ ئالامەتلىرى بار ئىكەن دېگەن. تىجارەت داۋامىدا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام خرىستىيان دىنى بىلەن يەھۇدى دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئەھكاملىرى بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە شۇ چاغدىكى ئەرەپ جەمىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 15 ياشلارغا كىرگەندە، قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن قەيس قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا 4 يىل داۋاملاشقان فۇججار ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇ ئۇرۇش مۇھەررەم ئېيىدا يۈز بەرگەچكە، "گۇناھكارلار ئۇرۇشى" دەپ ئاتالدى. بۇ جەڭدە، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا ئوق ـ يا توشۇپ بېرىپ، ھەربى ئىشلار جەھەتتە مەلۇم تەجرىبىگە ئىگە بولدى. ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئەرەپلەر "ئاجىز ـ بىچارىلەرگە ياردەم بېرىش، ھەققانىيەتنى قوللاش"نى مەقسەت قىلغان "خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى"نى تەشكىل قىلدى، بۇ ئۇيۇشما ئەرەپ قەبىلىلىرىگە تەسىر كۆر-سەتتى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ غەمخورلۇقىدا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇنىڭ راستچىللىقى، كەمتەرلىكى، سېخى ـ مەردانىلىقى، بارلىق يامان ئىشلاردىن خالى بولۇشتەك ئالىجاناپ پەزىلىتى ئۇنىڭ جەمەتدىكىلەرنىڭ قالتىس ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. 25 ياشقا كىرگەن چېغىدا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى باي، سودىگەر ئايال خەدىچىگە ياللىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇرىيىگە تىجارەتكە باردى، كېيىن خەدىچىگە ئۆيلەندى. بۇ چاغدا خەدىچە 40 ياشقا كىرگەن بولۇپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن 15 ياش چوڭ ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ

---

① ② «سەھىھۇلبۇخارى».

تۇرمۇشى بەختلىك بولدى. خەدىچىگە ئۆيلىنىش مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىنى ماددى شەرت ـ شارائىت ۋە ئىجتىمائى ئورۇن بىلەن تەمىن ئەتتى، خەدىچىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل خىرىستىيان ئۆلىماسى بولۇپ، تەۋراتنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلغان ئىدى، ئۇنىڭ مول دىنىي بىلىملىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى زور ئىلھام بەردى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەن يىلى قۇرەيش قەبىلىسى كەلكۈندە تاملىرى چاك كەتكەن كەئبىنى يېڭىۋاشتىن رېمونت قىلدۇرىدىغان چاغدا، ھەجەرۇلئەسۋەد (قارا تاش)نى ئورنىتىش مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ، ھەرقايسى جەمەتتىكىلەر ئۇنى ئورنىتىش شەرىپىنى تالاشتى. ئاخىر ئۇلار "ھازىردىن باشلاپ، ئىشىكتىن كىم بىرىنچى بولۇپ كىرسە، شۇ ئورنىتىپ بەرسۇن" دېگەن قارارغا كېلىشتى! دەل شۇ چاغدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى ـ دە، كۆپچىلىك "ئەمىن كىردى، ئەمىن كىردى" ("راستچىل كىشى" كىردى) دەپ تەنتەنە قىلىشتى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇققاندىن كېيىن، پەم بىلەن چاپىنىنى يەرگە يېيىپ، چاپاننىڭ ئۈستىگە ھەجەرۇلئەسۋەدنى قويۇپ، ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرىنى چاپاننىڭ بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ كۆتىرىپ كەئبىگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز جايىغا قويدى. بۇ ئىش ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە تالانتىنى نامايەن قىلىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى قۇرئان كېرىمدىكى مۇنۇ ئايەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: "(رەببىڭ) سېنى يېتىم دەپ، ساڭا پاناھ بەرمىدىمۇ؟ سېنى قايمۇققان دەپ، سېنى توغرا يولغا سالمىدىمۇ؟ سېنى پېقىر دەپ، باي قىلمىدىمۇ؟" (93 ـ سۈرە، 6 ـ 8 ـ ئايەتلەر)

## 3. دىنغا دەۋەت قىلىش چاقىرىقى

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىنغا دەۋەت قىلىشتىن ئىلگىرى، خىرىستىيان دىنى بىلەن يەھۇدى دىنى ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى جايلاردا خېلى كۈچكە ئىگە ئىدى، لېكىن ئەرەپلەردە بۇ ئىككى دىنغا قارىتا باشتىن ـ ئاخىر گۇمان بار ئىدى، چۈنكى بۇ دىنلار ئەرەپلەرگە دىنىي زىيانكەشلىك، ئىقتىسادىي زۇلۇم ۋە ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەرەپلەر مىللىي خۇسۇسىيىتى بولغان ھەمدە ئەرەپ مىللىتىنىڭ بىرلىككە كېلىش تەلىۋىنى سىياسىي جەھەتتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان دىنغا مۇھتاج ئىدى.

شۇ چاغلاردا، مەككىلىكلەر ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتى دەپ ئاتىشاتتى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەككىدىكى مۇقەددەس مەسچىت — كەئبە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر ئاللاغا ئىبادەت قىلىش مەقسىتىدە سالدۇرغان بەيتۇللادۇر؛ لېكىن مۇشرىكلىك ئەۋج ئالغان دەۋرلەردە، كەئبە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بۇتلىرى توپلانغان جايغا ئايلىنىپ قالغان. ئەرەپلەر ئارىسىدىكى بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغۇچىلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنغا تەلپۈنۈپ، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلغان. بۇ 6 ـ

ئەسرنىڭ ئاخىرلىرى، 7 ـ ئەسرنىڭ باشلىرىدا ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا يۈز بەرگەن ھەنىف ھەركىتىدۇر. بۇلار شۇ چاغدىكى دىنلاردىن نارازى بولۇپ، شەخسى ئىستىقامەت قىلىش يولى بىلەن ھەقىقەتنى تېپىشقا ئىنتىلگەن. دىنغا دەۋەت قىلىشتىن ئاۋال مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ ھەركەتكە قاتناشقان. ئۇ دائىم مەككىگە يېقىن جايدىكى ھىرا غارىغا بېرىپ ئىستىقامەت قىلاتتى. «سەھھۇلبۇخارى»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ چاغدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگەن بولۇپ، رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر كېچىدە① غاردا ئۇخلاۋاتقاندا (ياكى ئىستىقامەت قىلىۋاتقاندا) تۇساتتىن ئۇنىڭغا: ئوقۇ! دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. رەسۇلۇللا: ئوقۇشنى بىلمەيمەن، دىدى. ئۇ ئاۋاز يەنە: ئوقۇ! دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇشنى بىلمەيمەن، دىدى. ئۇ ئاۋاز ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىنىپ، يەنە: ئوقۇ! دىدى. رەسۇلۇللا: نىمىنى ئوقۇيمەن؟ دىدى. ئۇ ئاۋاز مۇنداق دىدى:

"ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن،
ئۇ ئىنساننى ئۇيۇل قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر.
ئۇ قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتتى،
ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى."

(99 ـ سۈرە، 1 ــ 5 ـ ئايەتلەر)

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئاللاتائالا پەرىشتە جىبرىل ئارقىلىق مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن تۇنجى ۋەھيي ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام قاتتىق قورقۇپ، قايتىپ كېلىپ، ۋەقەنى خەدىچىگە دەپ بەردى. خەدىچە: "ئاللا سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، ئاجىز ـ بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇزلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن، مەزلۇملارغا ياردەم قىلىسەن" دىدى. خەدىچە ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى، ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل يەھۇدى دىنى ۋە خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان بوۋاي ئىدى، ئۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنىڭ كېلىش جەريانىنى ئاڭلاپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىنجىل»دا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىشارەت بەرگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەندى.

بۇ مۇھىم ۋەزىيەت ئارقىسىدا، يېتىم بالا بولغان ۋە پادىچىلىقتىن كېلىپ چىققان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام قاتتىق سىناقلارغا دۇچكەلدى. بىر مەھەل ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولالمىدى، ئۇنىڭغا ھىچقانداق ۋەھيي كەلمىدى. ئۇ دەسلەپتە مەن بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىغان ئىدى، لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىملىق ۋەھيي كەلدى: "ئى يۆگىنىۋالغۇچى زات، تۇر، ئاگاھلاندۇر!..." (74 ـ سۈرە، 1 ــ 7 ـ ئايەتلەر) شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام "ئاللانىڭ ئەلچىسى" سالاھىيىتى بىلەن دىنغا دەۋەت قىلىشنى باشلىۋەتتى.

---

① يەنى قۇرئان كېرىمنىڭ 97 ـ سۈرىسىدە ئېيتىلغان "قەدرى كېچىسى" (قىممەتلىك كېچە)دە.

## 4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىنغا دەۋەت قىلىشنى دەسلەپتە يوشۇرۇن ئۇسۇللار بىلەن يېقىن تۇغقانلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرى ئارىسىدا ئېلىپ باردى. يوشۇرۇن دەۋەت قىلىش ئىشى 3 يىلچە داۋاملاشتى (610—612)، بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر ئۇنىڭ ئايالى خەدىچە، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى، يېقىن دوستى ئەبۇبەكرى ۋە ئازاتكەردىسى (ئازات قىلىۋەتكەن قۇلى) زەيد بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدىن بولغان ئوسمان ئىبنى ئەفغان، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام، سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئەرقەم قاتارلىق ئاز سانلىق كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. كېيىن دىنغا دەۋەت قىلىشنىڭ دائىرىسى تەدرىجىي ھالدا قۇرەيش قەبىلىسى يۇقۇرى قاتلىمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ھاشىم جەمەتى، قۇللار ۋە جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا كېڭەيدى.

مىلادىيىنىڭ 612-يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى كەڭ ئاھالە ئارىسىدا ئاشكارا دەۋەت ئېلىپ باردى. دەۋەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن دىنىي خاراكتېردا بولۇپ، بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ ساختىلىغىنى، ئاللاتائالانىڭ بىر ئىكەنلىگىنى، قىيامەت كۈنىنىڭ راست ئىكەنلىگىنى شۇنىڭدەك ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ جەننەتكە، ئېتىقات قىلمىغۇچىلارنىڭ دەۋزاققا كىرىدىغانلىغىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دىنىي ئەقىدە-ئەھكاملارنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن ئاۋال، يەھۇدى دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى راھىپلىرىمۇ ئەرەبىستانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر ئىلاھچىلىقنى تارقاتقان بولسىمۇ، بۇ دىنلار ئۆزىدىكى خىلمۇخىل نۇقسانلار تۈپەيلىدىن ئەرەپ مىللىتىگە ھېچقانداق بەخت كەلتۈرمەستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ زور ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەن ئىدى. ئەرەپلەر ئۆزىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە ھەققىي ۋەكىللىك قىلىدىغان دىنغا مۇھتاج ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى جەملەپ، ئۇنى شۇ چاغدىكى ئەرەپ جەمىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلاشتۇردى، بۇ دەل ئەرەپ مىللىتى ئۇزاقتىن بۇيان تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ كەلگەن ئىش ئىدى.

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن دەۋر بۆلگۈچ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھامان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلدى، بۇ قارشىلىقنىڭ دەرىجىسى ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ باردى. شۇ چاغلاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنغا ئاشكارا دەۋەت قىلىشىغا جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ۋە قۇللار ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋاز قوشقاندىن تاشقىرى، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدىكىلەردىن ئاۋاز قوشقانلار ناھايىتى ئاز بولدى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئۇنى سارىڭ ياكى دىننى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ مەنپەئەت قوغلاشقۇچى دەپ قارىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا سەۋر قىلدى، ئۆزىنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق شەخسىي مەنپەئەت قوغلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كېيىن، پەيغەمبىرىمىز دىنىي دەۋەتنى بارغانسېرى ئاكتىپ ئېلىپ بارغان

ھەمدە مەككىدە شۇ چاغدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دىنلارنى ئاشكارا سۆككەن چاغدا، قۇرەيشلەرنىڭ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە بولغان قارشىلىقى كۈچىيىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقىش نۇقتىسى قەتئىي تەۋرەنمەي ئاللاتائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى؛ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشى ئاساسەن دىنىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بولماستىن (ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدۇ دىگەن دىنىي ئەقىدىسىنى مەسخىرە قىلىشىمۇ)، بەلكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىدى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشى ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازلىرىغا تەسىر يەتكۈزەتتى). ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراتقان زىيانكەشلىكى مەسخىرە قىلىش، زاڭلىق قىلىش، سوئال قويۇشتىن كۈچىيىپ، تەھدىت سېلىش، ئازدۇرۇش، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشكە بېرىپ يەتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭلىق بىلەن قورقۇپ كەتمەي، دىنىي دەۋەتنى دادىللىق بىلەن داۋاملىق ئېلىپ بېرىۋەردى. قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە سەۋەپ بولدى، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچلۈك رەقىبى ئۆمەر (كېيىنكى ئىككىنچى خەلىپە) نىڭ مۇسۇلمان بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، بۇنىڭ بىلەن قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر قاتتىق چۆچۈپ، 3 يىلغىچە (616—619) پۈتكۈل ھاشىم جەمەتىنى قامال قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان نىكا ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ نائىلاج سىياسىي تەدبىر قوللاندى: 614 - يىلدىن 615 - يىلغىچە، قىسمەن ساھابىلىرىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى. 619 - يىلدىن 620 - يىلغىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامىسى ئەبۇتالىب بىلەن ئايىلى خەدىچە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ يىلى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي دەۋىتىنىڭ 10 - يىلى ئىسلام تارىخىدا ”قايغۇلۇق يىل“ دەپ ئاتالدى. قۇرەيشلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراتقان زىيانكەشلىكنى كۈچەيتكەندە، ئۇ ئىلاجسىز تائىفقا قېچىپ كەتتى (620)؛ ئۇ يەردىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەكلىشى تۈپەيلىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتا 10 كۈنلا تۇرۇپ، مەككىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال تۇردە يېڭى يول تېپىش ئۈستىدە ئويلاندى. بۇ چاغدا ئىسرا (مۆجىزە خاراكتېرىدىكى كېچىلىك سەپەر) بولۇپ ئۆتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتە جىبرىل ھەمرالىقىدا، دۇلدۇلغا مىنىپ مەككىدىكى كەئبىدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بارغان ھەمدە ئۇ يەردىن يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا چىققان. ئىسلام دىنىدا بۇ رىۋايەتتىكى كېچىلىك سەپەر مىراج دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بەيتۇلمۇقەددەس مەككە ۋە مەدىنىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان مۇقەددەس جاي ھېساپلاندى ھەمدە ھەر يىلى ھىجرىيە رەجەپ ئېيىنىڭ 17 كۈنى ”مىراج بايرىمى“ قىلىنىپ، كېچىلىك ناماز ئوقۇلىدىغان بولدى. قۇرئان كېرىمدە (17 - سۈرىنىڭ 1 - ئايىتىدە) بۇ سىرلىق سەپەر خاتىرىلەنگەن.

## 5. يەسرىبكە (بۈگۈنكى مەدىنىگە) ھىجرەت قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 620 ـ يىلى تائىفتىن مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى، لېكىن ئۇ قىلچىمۇ قورقماي، ھەج مەۋسۇمىدە① باشقا جايلاردىن ھەجگە كەلگەنلەرنى دىنغا دەۋەت قىلدى ھەمدە يەسرىبتىكى خەزرەج قەبىلىسىدىن ھەج قىلىشقا كەلگەن 6 كىشى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، دەرھال ئىنجىلدا "بىشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەر" مۇشۇ دەپ، ئىسلام دىنىغا كىردى.

بۇ ئالتەيلەن يەسرىبكە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مەككىدە كۆرگەنلىرىنى ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرگە ئېيتتى. ئىككىنچى يىلى (621) ھەج مەۋسۇمىدە، يەنە 12 كىشى يەسرىبتىن مەككىگە ھەجگە كەلدى ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، مەككىگە يېقىن بولغان ئەقەبە دىگەن جايدا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى② ھەمدە مۇسۇلمان بولدى. ئۇلارغا دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئۇلار بىلەن بىللە يەسرىبكە ئەۋەتتى، بۇ ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر «بىرىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى»دۇر. 622 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ بىركۈنى كېچىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەسرىبتىن ھەجكە كەلگەن 75 كىشى (بۇلارنىڭ ئىككىسى ئايال) بىلەن ئەقەبىدە ئىككىنچى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، پەيغەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبمۇ سۆھبەتكە قاتناشتى. يەسرىبلىكلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپلا قالماي، تېخى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەسرىبكە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى ھەمدە: پەيغەمبىرىمىزنى ئاياللىرىمىزنى ۋە باللىرىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدايمىز، دەپ قەسەم ئىچىشتى. بۇ ئىسلام تارىخىدىكى «ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى»دۇر.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئاۋال مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ مەخپى ھالدا يەسرىبكە ھىجرەت قىلىشقا (كۆچۈشكە) بۇيرۇدى، ئاخىر مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى، ئەلىلا قالدى. قۇرەيشلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئاخىرقى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. جەمەتلەر ئارىسىدىكى قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار ھەر بىر جەمەتتىن بىردىن ئادەم چىقىرىپ، بىرلىكتە ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۇيىقەستتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كېچىدە يېقىن دوستى ئەبۇبەكرى بىلەن بىللە ئارقا يول بىلەن مېڭىپ مەككىدىن چىقىپ كەتتى ھەمدە ئۆز ئورنىدا تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلىنى ياتقۇزۇپ قويدى، نەتىجىدە سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆيىدە بار دەپ تۇرۇشۇۋەردى. پەيغەمبەر

---

① ئىسلام دىنى كۈللىنىشتىن ئىلگىرى ئەرەپ قەبىلىلىرىنىڭ مەككىدىكى "كەئبە" (بەيتۇللا)نى زىيارەت قىلىش ئادىتى بار ئىدى.

② بەيئەت — قەسەم قىلىپ ۋەدە بېرىش، سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قول بېرىش، بىراۋنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش. — تەھرىردىن.

ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى سەۋر غارىغا يوشۇرۇنىدى، ئەبۇبەكرىنىڭ باللىرى بىلەن بىر پادىچى كېچىدە ئۇلارغا يىمەكلىك ۋە خەۋەر يەتكۈزۈپ بىرىپ تۇردى. بىر كۈنى قوغلاپ كەلگەنلەر غارغا يېقىنلاشقاندا، ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىخەتەرلىگىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەمكىنلىك بىلەن: "قايغۇرما! ئاللا بىز بىلەن بىللە"دىدى (9 ـ ئايەت، 40 ـ سۈرە). شۇڭا "ئىسلام دىنى ئىككى غاردا پەيدا بولغان" (ھىرا غارى بىلەن سەۋر غارى) دىگەن گەپ چىققان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەر قوغلاۋاتقان ئەھۋالدا ئەبۇبەكرى بىلەن بىللە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىر مىلادى 622 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئامان ـ ئېسەن يەسرىبكە يېتىپ بېرىپ، بۇ يەرگە ئاۋال يېتىپ بارغان مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ داغدۇغىلىق، قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئۇچرىدى. يەسرىب «مەدىنە نەبى» (پەيغەمبەر شەھرى) دەپ ئۆزگەرتىلىپ، قىسقارتىپ مەدىنە دەپ ئاتالدى. بۇ تارىختىكى مەشھۇر "ھىجرەت" (كۆچۈش)تۇر. 17 يىلدىن كېيىن، ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، "ھىجرەت" بولغان يىلدىكى ئەرەپلەرنىڭ شەمسىيە كالىندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىنى (مىلادى 622 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) ئىسلام دىنى يىلنامىسىنىڭ باشلىنىشى قىلىپ بەلگىلىدى.

"ھىجرەت" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، شۇنداقلا ئىسلام تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. "ھاقارەتلەنگەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، مەغلۇپ بولغاندەك ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى ئادا قىلىنمىغاندەك كۆرۈنگەن 13 يىل ئۆتۈپ كەتتى؛ تارىخىي ئەرباپ تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئەڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان 10 يىل باشلاندى."① ئەرەپ مىللىتى ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. "ھىجرەت" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغانلىقى قۇرئان كېرىمدە روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ئاللانىڭ ئەلچىسى"لا ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئاللانىڭ ئەلچىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئىسمى جىسمىغا لايىق دۆلەت داھىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن مۇسۇلمانلار جامەئەسى (ئۇممە) دەسلەپتە ئىسلام دىنىغا بولغان ئورتاق ئېتىقاتنى ئاساس قىلغان كوللىكتىپ ئىدى، 10 يىل ئىچىدە، ئۇ تېز راۋاجلىنىپ پۈتكۈل يېرىم ئارالغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مىللى دۆلەتكە ئايلاندى. ئىسلام دىنى ئېزىلگۈچى دىنىدىن ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغۇچى دىنغا ئايلاندى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، قۇرئان كېرىمنىڭ مەككە سۈرىلىرىدە (610—622) مۇسۇلمانلار يېتەكلەش ئوبېكتى قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ئاگاھلاندۇرغۇچى"دىنلا ئىبارەت بولغان. مەدىنە سۈرىلىرىدە (622—632) بولسا تەرەققى قىلىۋاتقان جەمىيەت ۋە سىياسى كوللىكتىپ يېتەكلەش ئوبېكتى قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جەمىيەتنىڭ ئۈلگىسى، قانۇن تۈزگۈچىسى ۋە ئىسلاھاتچىسىدىن ئىبارەت بولغان.

---

① پىكسۇلنىڭ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان «شانلىق قۇرئان كېرىم»گە يازغان كىرىش سۆزىنىڭ 1 ـ قىسمىغا قارالسۇن.

## مەدىنە دەۋرى (622 ـ 630 ـ 632)

### 1. تۈزۈم ئورنىتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، يەنى دىنغا دەۋەت قىلىش دەۋرىدىن دىننى مۇستەھكەملەش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ باسقۇچتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرنەچچە چوڭ ئىشنى قىلدى: بىرىنچى، مەسچىت سالدۇردى. تۇنجى مەسچىت مەدىنە شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى قۇبادا① سېلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا تۇرغان 4 كۈن ئىچىدە بۇ مەسچىتنىڭ ئۇلىنى سېلىپ بەردى. بۇ ئەھۋال قۇرئان كېرىمنىڭ 9 ـ سۈرە، 103 ـ ئايىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەر ئىچىدە يوغراق بىر مەسچىت يەنى مەشھۇر "پەيغەمبەر مەسچىدى" سېلىندى ھەمدە مەسچىت يېنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھاجىرلارغا تۇرار جاي سېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىت سېلىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، مۇسۇلمانلارنى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى. مۇسۇلمانلاردىن بىرسى مۇنداق دەپ شېئىر ئوقۇدى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلىسە بىز ئولتۇرساق، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ئەڭ يامان ھەرىكەت بولاتتى."② پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادىن مەدىنىگە كىرگەن كۈنى (جۈمە كۈنى) جۈمە نامىزى ئوقۇدى، شۇڭا بۇ كۈن (جۈمە كۈنى) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان كۈن قىلىپ بەلگىلەندى (62 ـ سۈرە، 9 ـ ئايەت). شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەزان ئېيتىش يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئىسلام دىنىنىڭ "بەش پەرزى" ئورنىتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇ بولسىمۇ: بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق، مۇھەممەت ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ كەلىمەشاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت."

ئىككىنچى، ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاتنى قانداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىغا دەسسىتىشنى ئىجتىمائىي ۋاستە قىلغان "مۇسۇلمانلار جامەئەسى" — "ئۇممە" (مىللەت، دۆلەت دېگەن مەنىدە)نى قۇردى. "ئۇممە"نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەممە ماجىرالارغا ھۆكۈم قىلىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكلىپ قىلىناتتى، ئۇنىڭدا "جەمەتلەرنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشى" مەنئى قىلىنىپ، ھەممە مۇسۇلمان قېرىنداش دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلدى. "ئۇممە"، بىر تەرەپتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى داھىي قىلغان سىياسىي ئاپپارات ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ بىر دىنىي جەمئىيەت، دىنىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئىدى. "ئۇممە"نىڭ مۇنداق ئىككى ياقلىملىقلىقى ئىسلام دىنى

---

① مۇئىر: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، 8 ـ باپ، 1923 ـ يىل ئەنگلىيە ئېدىنبۇرگ نەشرى.

② ئابدۇلھەمىدسىددىق: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، 6 ـ باپ، 1975 ـ يىل پاكىستان ئىنگلىزچە نەشرى.

ھۆكۈم سۈرگەن بۇ جەمىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيىتى بولۇپ قالدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان بۇ جەمىيەتنىڭ تەركىۋى بەك مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھاجىرلار (مەككىدىن كۆچۈپ كەلگەن مۇسۇلمانلار)، ئانسارلار (ئەسلى مەدىنىدە ئولتۇرۇشلۇق مۇسۇلمانلار) بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا مۇناپىقلار (كۆرۈنۈشتە دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان، ئەمىلىيەتتە بولسا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلار)مۇ بار ئىدى، قەبىلىلەر مۇناسىۋىتىدە، قۇرەيش قەبىلىسى (جۇملىدىن ھاشىم جەمەتى ۋە ئۇمەۋىيە جەمەتى)دىكىلەر، ئەۋس قەبىلىسى، خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەر بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، مەدىنىدە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن يەھۇدىلارمۇ بار ئىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا مۇھاجىرلارنىڭ ھىچ نەرسىسى يوق ئىدى، شۇڭا ھەر بىر ئانسارنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر مۇھاجىرنى بېقىش ۋەزىپىسى بار ئىدى. كېيىن ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بۇ ئىش ئانسارلارغا ئېغىر كەلدى، مۇھاجىرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى تېپىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشتى.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئورتاق رىئايە قىلىدىغان نىزام ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق: 1) مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار بىر مىللەتتەك ئۆتۈش. 2) ئىككى تەرەپ بىر بىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش. 3) بىر بىرىنىڭ دۈشمىنىگە ياردەم بەرمەسلىك. 4) مەدىنە ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، بىللە قوغداش. 5) يارىشىشتىن ئاۋال ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلىش. 6) ھەممەيلەن مەدىنىنى مۇقەددەس زېمىن دەپ قاراش، بۇ زېمىندا قان تۆكمەسلىك. 7) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە ماجىرانىڭ ئاخىرقى ھۆكۈم قىلغۇچىسى. بۇ نىزامنىڭ مەزمۇنى، ئاساسەن، يەھۇدىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن مەككە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئورتاق مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

مۇشۇ باسقۇچتىكى قۇرئان كېرىمدە، خرىستىيان دىنى، يەھۇدى دىنى بىلەن بولغان ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر تەكىتلىنىپ بۇ ئىككى دىنىنىڭ ئېتىقاتچىلىرى "ئەھلى كىتاپ" ئاللا ھەممەيلەن ئىمان كەلتۈرىدىغان بىردىن-بىر خۇدا، ئىسلام دىنى ئەزەلدىنلا بار بولغان ئەنئەنىۋى دىن دېيىلگەن (2-سۈرە، 136-، 139-ئايەتلەر، 3-سۈرە؛ 33 — 34 -، 84-ئايەتلەر)، ئۇلارنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلدا بىشارەت بېرىلگەن، ئەمدى بولسا رەسمى ئەۋەتىلگەن ئەلچىگە بوي سۇنۇشى تەلەپ قىلىنغان (2-سۈرە، 101-ئايەت؛ 3-سۈرە، 81 — 82-ئايەتلەر). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا "دىندا زورلاش يوق" دەپ جاكالانغان (2-سۈرە، 256-ئايەت)، شۇنىڭدەك يەھۇدىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش مەقسىتىدە، بەيتۇلمۇقەددەس قىبلە قىلىپ بەلگىلەنگەن. لېكىن يەھۇدىلار بىز كۈتكەن پەيغەمبەر بىزنى ئەرەپلەرگە ئوخشاش قېرىندىشىم دەپ قارىماي، بىزگە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى بەخش ئېتىدۇ دەپ ھىساپلىغان ئىدى؛ ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرمايدىغانلىقىنى سەزگەندە، ئۇنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىشكە كۈچەپ ئۇرۇندى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى بەزى مۇناپىقلار يوشۇرۇن ھالدا ئىلھاملاندۇردى، چۈنكى بۇ مۇناپىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائى تەسىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەمگە كېلىشى بىلەن تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى ھىس قىلغان ئىدى. قۇرئان كېرىمنىڭ مەدىنە سۈرىلىرىدە

يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنغان.

يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇغاندا بەيتۇلمۇقەددەسكە يۈز كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇسۇلمانلار قۇددۇسقا تەلپۈنىدىكەن ۋە يەھۇدىي دىنىنىڭ يېتەكچىلىكىگە مۇھتاج ئىكەن دەپ چۈشىنىپ قالدى. ئاللاھەزەل مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ 16 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىبلىنى بەيتۇلمۇقەددەستىن مەككىدىكى "كەئبە"گە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ۋەھيي كەلدى①. قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈلگەنلىكىدىن ۋە مەككىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى قىلىپ تىكلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بۇ ئەرەپ مىللىتىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر ئىدى. قۇرئان كېرىمنىڭ 2 - سۈرىسىدە، ئاساسەن، يەھۇدىيلار بىلەن بولغان بەس - مۇنازىرە بايان قىلىنغان.

## 2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنىڭ راۋاجلىنىشى

مەدىنىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئالدى بىلەن، ئىچكى قىسىمنى تەرتىپكە سېلىش، دىنىي تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشقا كۆڭۈل بۆلدى، لېكىن ئۇ مەككىدىكى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۇچۇن قەسەم ئىچكەنلىكىنى، شۇنداقلا نائىلاج مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ھارپىسىدا نازىل بولغان زىيانكەشلىككە قارشى ئۇرۇشنى "تاكى زىيانكەشلىك توختىغىچە" (8 - سۈرە، 39 - ئايەت) ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ۋەھيىنى ئېسىدىن چىقارمىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، مەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىپ كېلىشىگە باشتىن - ئاخىر دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولدى، بۇنىڭغىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر ئىدى. ئەھۋالنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە يېڭى ۋەھيىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز نازىل بولۇپ تۇرۇشى ئارقىسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا، بارا - بارا، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق توغرىسىدا بىر يۈرۈش تاكتىكىلىق ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيە شەكىللەندى، بۇ ئىدىيە قۇرئان كېرىمنىڭ مەككە سۈرىلىرى ۋە مەدىنە سۈرىلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆزگىرىپ تۇرغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قەتئىي تۈردە "بىرئاللاغىلا ئىمان كەلتۈرۈش" ۋە "مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى" دەپ بىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىشتىكى ئاخىرقى مەقسىدى تىنچلىقتىن يەنى تىنچلىق ئارزۇسىدا ئاللانىڭ يولىدا جەڭ قىلىپ، ئىنسانلارنى ئادالەت ۋە تىنچلىققا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئىسلام (ئىتائەت قىلىش ۋە تىنچلىق دىگەن مەنىدە) دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى بۇ دىنىنى

---

① قۇرئان كېرىم، 2 - سۈرە، 144 -، 149 -، 150 - ئايەتلەر.

باشقىلارغا تېڭىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش، ئاللاتائالادىن كەلگەن ۋەھىيلەرنى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى: "ھەقىقەت ئاللاتائالادىندۇر. كىمكى خالىسا، مۆمىن بولسۇن، كىمكى خالىسا، كاپىر بولسۇن" (18 ـ سۈرە، 29 ـ ئايەت)؛ "مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا توغرا يول كۆرسەتتىم. ئۇ يا ۋاپادار چىقار، يا ۋاپاسىز چىقار" (76 ـ سۈرە، 3 ـ ئايەت). بۇلارنى يىغىپ ئېيتقاندا، "دىندا زورلاش يوق" دېگەندىن ئىبارەت (2 ـ سۈرە، 256 ـ ئايەت).

بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئارىسىدا دائىم يۈز بېرىدىغان ئىش بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نورمال كەسپىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشنى ئىلاجىسىزلىقتىن ئېلىپ باردى، قۇرەيش قەبىلىسى يۇقۇرى قاتلىمىنىڭ كۇنسايىن كۈچىيىۋاتقان زىيانكەشلىكى ئالدىدا، پەقەت مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ھارپىسىدىلا ئاللاتائالادىن ۋەھىي كەلدى: "مۇشرىكلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈنلا يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشكە ئاللا قادىردۇر" (22 ـ سۈرە، 39 ـ ئايەت ۋە 40 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش داۋامىدا ئىسلام دىنىنىڭ مەسچىتلىرىنى ۋە خىرىستىيان دىنى بىلەن يەھۇدى دىنىنىڭ چېركاۋلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى: "ئاللا ئادەملەرنى ئۆزئارا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان قىلمىغان بولسا، مۇناستىرلار، خىرىستىيانلارنىڭ چېركاۋلىرى، يەھۇدىلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە نۇرغۇن كىشىلەر ئاللانى ياد ئېتىدىغان مەسچىتلەر ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولاتتى" (22 ـ سۈرە، 40 ـ ئايەت).

ئۇنىڭدىن كېيىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇرۇشنىڭ قوغدىنىش ئۈچۈن بولىدىغانلىقى، زىيانكەشلىك توختىسا دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىمۇ توختايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنۇ ۋەھىي كەلدى: "سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللا يولىدا جىھات قىلىڭلار، چەكتىن ئاشماڭلار، چېكىدىن ئاشقانلارنى ئاللا دوست تۇتمايدۇ" (2 ـ سۈرە، 190 ـ ئايەت). لېكىن قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپى مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراتقان زىيانكەشلىكىنى توختاتمىدى: "ئۇلار ئەگەر قولىدىن كەلسە سىلەرنى ئۆز دىنىڭلاردىن ياندۇرغىچە سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى توختاتمايدۇ" (2 ـ سۈرە، 217 ـ ئايەت). قۇرەيش مۇشرىكلىرى ھۇجۇمنى سەل پەسەيتكەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە ۋەھىي كەلدى: "ئۇلار بىلەن تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللانىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇرۇشۇڭلار، ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ" (2 ـ سۈرە، 193 ـ ئايەت). مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشى غەلىبە قىلاي دەپ قالغان، مەككە ئىشغال قىلىنىشقا ئاز قالغان چاغدا، دۈشمەنلەر ئۇرۇش توختىتىش بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئارىسىدا تەۋرىنىپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرقەدەر جانلىق ئۇسۇل قوللاندى: "ئۇلار تېچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تېچلىققا مايىل بول، سەن ئاللاغا تەۋەككۇل قىل؛ ئۇ ئىشتكۈچى ۋە بىلگۈچىدۇر. ئۇلار سېنى ئالدىماقچى بولسا، ئاللا سېنى رازى قىلىدۇ" (8 ـ سۈرە، 61 ـ 62 ـ ئايەتلەر).

مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى بەزى مۇناپىقلار دائىم پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇپ، ئىش تېرىپ، كىشىلەر قەلبىنى پاراكەندە قىلىدىغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇسۇلمانلارنى باتۇرلۇق بىلەن

ئۇرۇش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن: "ئاللانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغىلار! جاۋاپكارلىق پەقەتلا ئۆزەڭلاردا. سەن مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇرغىن، ئاللا كاپىرلارنىڭ ئۇرۇشىنى توسىدۇ" (4 ـ سۈرە، 84 ـ ئايەت).

## 4. مەدىنىنى قوغداش ئۇرۇشلىرى

بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىرنەچچە قېتىملىق چوڭ ـ چوڭ جەڭلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

(1) بەدرى ئۇرۇشى (624): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەككىدىكى قۇرەيشلەرنىڭ قوراللىق تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. قۇرەيشلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى قوراللىق قوشۇنلىرى مەدىنە ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى تەشكىللەشكە جىددى كىرىشىپ ۋە شەخسەن ئۆزى ئەسكەر باشلاپ مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئېلىپ بىرىپ، مەككىدىن سۈرىيىگە بارىدىغان كارۋان يولىنى قامال قىلدى. مەككىدىكى قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارنى مەدىنىدە مۇستەھكەم ئاساس قۇرۇۋالغىچە بىراقلا يوقىتىۋەتمەكچى بولغان ئىدى. مىلادى 624 ـ يىل رامزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ سۈرىيىدىن مەككىگە قايتىپ كېلىۋاتقان كارۋانىغا توسۇپ زەربە بېرىشنى قارار قىلدى، كارۋاننىڭ باشلىقى ئەبۇسۇفيان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال مەككىگە ياردەم سوراپ ئادەم ئەۋەتتى. مەدىنىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بەدرى دېگەن يەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 300 نەچچە كىشىلىك قوشۇنى بىلەن كارۋانغا ياردەمگە كەلگەن مىڭ نەچچە كىشىلىك مەككە قوشۇنى ئۇچرىشىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا شىددەتلىك جەڭ بولدى. جەڭ دەسلەپتە مۇسۇلمانلارغا پايدىسىز بولغان بولسىمۇ، بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىۋەر قوماندانلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، سانى ئازراق بولغان مۇسۇلمانلار قوشۇنى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. بەدرى ئۇرۇشىنىڭ كۆلىمى چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، بەزىلەر ئۇنى تارىختا بولغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنىڭ بىرى دەپ ھېساپلىدى. بۇ ئۇرۇش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقايسى ئەرەپ قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ئابرويى قاتتىق ئۆستى ھەمدە مۇسۇلمانلار جامائەسى مۇستەھكەملەندى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، قۇرئان كېرىمدە ئەمەلىي مەسىلىلەر كۆپرەك بايان قىلىندى، مەسىلەن، ئولجا ـ غەنىمەت (8 ـ سۈرە، 1 ـ ، 41 ـ ئايەتلەر؛ 59 ـ سۈرە، 5 — 10 ـ ئايەتلەر) ۋە ئەسىرلەر (47 ـ سۈرە، 4 ـ ئايەت؛ 8 ـ سۈرە، 67 — 71 ـ ئايەتلەر) نىڭ بىرتەرەپ قىلىنىشى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. مۇسۇلمانلار بەدرى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى ئاللاتائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان شەپقىتىنىڭ ئىسپاتى دەپ ھېساپلىدى (8 ـ سۈرە، 9 — 10 ـ ئايەتلەر؛ 3 ـ سۈرە ،123 ـ ئايەت).

(2) ئوھۇد ئۇرۇشى (625 ـ): مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ئىككىنچى يىلى چوڭ سودىگەر ئەبۇسۇفياننىڭ باشچىلىقىدا 3 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قىساس ئېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، 1 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ مەدىنە شەھىرىدىن

چىقىپ، ئوھۇد تېغىنىڭ ئېتىگىدە مەككە قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىچىدىن مۇناپىق ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي قوماندانلىقتا بوي سۇنماي، ئۆز ئالدىغا 300 ئادەمنى باشلاپ قوشۇندىن ئايرىلىپ چىقتى، بىراق مۇسۇلمانلار قوشۇنى دەسلەپكى جەڭدە غەلىبە قازاندى. كېيىن مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىچىدىكى مەرگەنلەر ئولجا تالىشىپ ئۇرۇش مەيدانىدىن كېتىپ قالغاچقا، مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەككە قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يارىدار بولدى، لېكىن ئۇ مۇسۇلمان جەڭچىلەرنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن، قوشۇننى قايتىدىن رەتكە سېلىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. مەككە قوشۇنى ئۆز ئىچىدىكى چىقىشالماسلىق سەۋەبىدىن، مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بېرىشكىمۇ، مەدىنە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقىمۇ پېتىنالماي، كەينىگە چېكىندى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئالدى.

(3) خەندەك ئۇرۇشى (627): مىلادى 627 ـ يىلى، مەككىدىكى قۇرەيشلەر قۇملۇقتىكى غەتەفان قەبىلىسى ۋە خەيبەردىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىكتە 10 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى بىراقلا يوقىتىش غەرىزىدە، مەدىنىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىغا كىرگەن سەلمان فارسىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، شەھەر ئەتراپىغا خەندەك كولاشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزى ئاممىنى باشلاپ خەندەك كولاشقا قاتناشتى، بىرلەشمە قوشۇن بۇ يېڭى تاكتىكىغا ھەيران قالدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر خەندەكتىن ئۆتەلمەي، خەندەك يېنىدا بارگاھ تىكىپ، مۇداپىئەدە تۇرغان 3 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ھەر كۈنى ئوق ئېتىپ تۇردى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىش بىلەن بولۇۋاتقاندا، تۇساتتىنلا، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ جەڭ قىلىۋاتقان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئەھۋال ناھايىتى يامانلىشىپ كەتتى. لېكىن بىرلەشمە قوشۇننىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى بىر ئاي داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى كۆپ بولغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ خەندەك مۇداپىئە سېپىدىن زادىلا بوسۇپ كىرەلمىدى. ئاخىردا، بىرلەشمە قوشۇن سوغاق بوراندا قالدى، ئۇلارنىڭ چېدىر، قازان-قومۇشلىرىنى بوران ئۇچۇرۇپ ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى پاتپاراق بولۇپ، كېچىلەپ ئوغرىلىقچە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، مۇسۇلمانلار قوشۇنى خەندەكنىڭ نېرىسىدا دۈشمەن قوشۇنىنىڭ يوقلۇغىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇرۇش قىلمايلا غەلىبىگە ئېرىشتى. قۇرئان كېرىمنىڭ 33 ـ سۈرىسىدە شۇ ئۇرۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئۇرۇش ئىتتىپاقچىلار ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ ئۇرۇش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىستىراتېگىيە جەھەتتە مەغلۇبىيەتتىن غالىبىيەتكە قاراپ ماڭغان بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھىساپلىنىدۇ. قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇدا 3 قېتىم ھۇجۇم قوزغىغان، بۇ ھۇجۇملارنىڭ بىرى بىرىدىن شىددەتلىك بولغان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولدى.

## 4. يەھۇدىيلارنى قوغلاپ چىقىرىش

مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار قەينۇقا، نەزىر ۋە قۇرەيزە قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئۇلار

ئىقتىسات ۋە مەدىنىيەت جەھەتلەردە ئۈستۈن ئورۇندا بولۇپ، مەدىنىدە ئەڭ پايدىلىق رايونلارنى ئىگىلىگەن، سودا ۋە قول سانائەت ئىشلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئىدى، ئەرەبلەر (خەزرەج ۋە ئەۋس قەبىلىلىرى)نى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى ھەمدە ئەرەبلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالاتتى. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇدەررىسلىرى، ئىبا-دەتخانىلىرى ۋە مەكتەپلىرى بولۇپمۇ بىر مۇقەددەس كىتاۋى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەبلەردىن ئۆزلىرىنى ئۈستۈن تۇتاتتى ۋە ئەرەبلەرنى نادان مىللەت دەپ قارايتتى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەم-مەت ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار قوسىغىدا غۇم ساقلاپ كەلگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان ئىتتىپاقلىق سىياسىتىگە نىسبەتەن ھەمكارلىشىش نىيىتىدە بولماي، تۈرلۈك يوللار بىلەن ئەخمەق قىلدى ۋە تەڭقىسلىققا قويدى، بولۇپمۇ پەيغەم-بىرىمىز قۇرەيشلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ئېلىپ بارغان 3 قېتىملىق ئۇرۇشقا ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھە دەپ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىدى. قۇرئان كېرىمدە يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرنى قوغداش ئۇرۇشىدا ئىچى قارىلىق قىلغانلىقى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: "ئۇلار سىلەرگە يامانلىق قىلىشقا بارلىق كۈچى بىلەن ھەركەت قىلىدۇ، سىلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تىللىرىدىن دۈشمەنلىكلىرى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ دىلىدىكى مەخپى ئاداۋىتى تېخىمۇ زىيادىدۇر. ...سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىسىلەر، ئۇلار بولسا سىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ...ئەگەر سىلەرگە ياخشىلىق كەلسە، ئۇلار بۇنى يامان بولىدى دەيدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە كۈلپەت كەلسە، ئۇلار خوش بولىدۇ" (3 - سۈرە، 118 — 120 - ئايەتلەر). بىراق يەھۇدىيلار ئۆز ئىچىدە ئىتتىپاقسىز بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارىتا بىر-بىرلەپ تارمار قىلىش تاكتىكىسىنى قوللاندى.

(1) قەينۇقا قەبىلىسى بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى ھەممىدىن بۇرۇن يىرتىپ تاشلاپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى ئاللاتائالانىڭ ئەل-چىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى، باشقا قەبىلىلەرنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچنىمىدىن قورقمايمىز دەپ، ئۆز قورغىنىنى مەھكەم ساقلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قارشىلاشتى. پەيغەمبىرىمىز ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى 15 كۈن قورشاپ، ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ، مەدىنىدىن سۈرىيە چېگرىسىغا كۆچۈپ كەتتى.

(2) نەزىر قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنى رەت قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى قۇرەيشلەر بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئوھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ئۇلارغا ھۇجۇم قوزغىدى ۋە ئۇلارنى مەدىنىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سۈرىيىگە، يەنە بىر قىسمى خەيبەرگە كەتتى. لېكىن ئۇلار خەيبەرگە كۆچكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۈردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇردى. ئۇلار مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، قۇرەيشلەرنىڭ دىنى ئىسلام دىنىدىنمۇ ئەۋزەل دېيىشتى ۋە ئاخىردا خەندەك ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەپ

بولدى.

(3) قۇرەيزە قەبىلىسى مەدىنىدىكى يەھۇدىلار ئىچىدە ھەممىدىن كۆچلۈك قەبىلە ھېساپلىناتتى، ئۇلار نەزىرلەرىنىڭ باشلىقى ھۇيەيى ئىبنى ئەختەبنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن، خەندەك ئۇرۇشىدا مۇشرىكلارنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەردى. بۇ ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇرەيزە يەھۇدىلىرىنىڭ قورغىنىنى قورشىۋالدى. ئۇلار بىر ئايچە قورشاۋدا قېلىپ، شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئىلگىرى ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئدئىبنى مۇئازنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا تەيىنلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلۋىنى قوبۇل قىلدى. ھالبۇكى، سەئدئىبنى مۇئاز قۇرەيزە يەھۇدىلىرىنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە، خوتۇنلىرى ۋە باللىرىنى ئەسىر ئېلىشقا، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى.

يەھۇدىلارنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى ھۆكۈمرانلىقى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەندى، بۇنىڭ بىلەن مەككىنى بوي سۇندۇرۇش يولىدىكى غەم-ئەندىشىلەردىن خالاس بولدى.

## 5. ھۇدەيبىيە سۈلھى (628) ۋە مۇئتە ئۇرۇشى (629)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنى قوغداش ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مەككىگە ئاستا-ئاستا تېچ يول بىلەن يېقىنلىشىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. مىلادى 628-يىلى ئەتىيازدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 1 مىڭ 400 مۇسۇلماننى باشلاپ ئۆمرە① قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كېتىۋاتقاندا، يولدا قۇرەيشلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلغۇچىلار بىلەن مەككىگە 9 چاقىرىم كېلىدىغان ھۇدەيبىيىدە توختاپ قالدى ۋە قۇرەيشلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن مەككىگە ئادەم ئەۋەتتى، ئەمما ئەۋەتىلگەن ئادەم ئۇلار تەرىپىدىن خارلاندى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قۇرەيشلەر ئىچىدە ئابرويلۇق بولغان ئوسمان ئىبنى ئەففاننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى، قۇرەيشلەر ئۇنى سولاپ قويدى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دېگەن گەپ تارقىلىپ، ئەھۋال ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيىدىكى بىر دەرەخ ئاستىدا (48 سۈرە، 13-ئايەت) مۇسۇلمانلارنىڭ قەسىمىنى قوبۇل قىلدى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئۈچۈن ئاخىرقى بىر ئادەم قالغىچە جەڭ قىلىمىز دەپ قەسەم بەردى. ئىسلام تارىخىدا ئېيتىلىدىغان مۇقەددەس قەسەم (رىزۋان بەيئىتى) ئەنە شۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ئوسمان ئۆلتۈرۈلمەپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى.

قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ شۇنچە قەتئىي ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن پوزىتسىيىسىنى

① ھەج مەۋسۇمىدىن باشقا ۋاقىتتا كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئۆمرە دېيىلىدۇ. — تەھرىردىن.

ئۆزگەرتىپ، مۇسۇلمانـلار بىلەن «ھۇدەيبىيە سۇلھـى»نى ئىمزالـىدى. ئۇنىڭ مۇھـم نۇقتىلىرى مۇنۇلار:

1. ئىككى تەرەپ ئون يىلغىچە ئۇرۇش قىلماسلىق.

2. مۇسۇلمانلار بۇ يىل بەيتۇللانى تاۋاپ قىلماي قايتىپ تۇرۇش، كېلەر يىل كېلىپ تاۋاپ قىلىش، ئەمما مەككىدە 3 كۈنـدىن ئارتۇق تۇرماسلىق. بۇ مەزگىلـدە قۇرەيشلەر مەككىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىش.

3. ئۇرۇش توختىغان مەزگىلدە، مەككىلىكـلەردىن مەدىنىـگە قېچىپ كەلگەنلەرنى مۇسۇلمانلار مەككىـگە قايتۇرۇپ بېرىـش؛ مۇسۇلمانـلاردىن مەككـىگە قېچـىپ كەلگەنلەرنى بولسا قۇرەيشلەر مەدىنىگە قايتۇرۇپ بەرمەسلىك.

4. ئەرەپ قەبىلـىلىرىـنىڭ مۇسۇلمانـلارنىڭ ھىمايىسـىگە كىرىشى ياكى قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولۇش.

سۇلھى ئىمزالانغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانـلار ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلۇپ، ئۇلار بىر-بىرىدىن: ”بىشارەت بېرىلـگەن غەلىبە قېـنى؟“ دەپ سوراشتى. شۇنىڭ بىلەن ھۇدەيبىيەدىن قايتىش يولـىدا قۇرئانـنىڭ «فەتـھى» (غەلـبە) سۈرىـسى نازىل بولـدى. پاكىتلار ھۇدەيبىيە سۇلھىسىنىڭ ئىمزالانغانلىقـىنىڭ مۇسۇلمانلار شۇ ۋاقىتتا كەلگـچە ئېرىشـكەن ئەڭ ئۇلۇغ غەلىبە ئىكەنلىـكىنى ئىسپاتلـىدى. ئـۇرۇش مۇسۇلـمانلار بىلەن مەكـكىدىكى قۇرەيشلەرنى بىر بىرىگە دۈشمەن قىلىپ قويغان ئىدى، ئەمـدى بولسا ئـۇلار باراۋەر ئولتۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان بولدى، بۇنىڭ ئـۆزى غايەت زور بۇرۇلۇش ئىدى. ئىسلام دىنى ئەنە شۇ پايـدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تېزلىك بىلەن تەرەققى قىلدى. مىلادى 628-يىـلى سۇلھـى ئىمزالانغاندىن تارتىپ 630-يىـلى مەككـىنى فەتھى قىلغىچە بولغان 2 يىل ئىچـىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەنـلەرنىڭ سانى ئۆتكەنكى يىللار داۋامىدا ئىسـلام دىنىغا كىرگەنـلەرنىڭ ئومۇمـى ساندىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.

مىلادى 629-يىلى يەنى ھىجرىيىنىڭ 7-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەر تارتىپ بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئەرەپ زېمىنىدىكى ئەڭ ئاخىرقـى بىر تايانچ نۇقتىسى بولغان خەيبەرنى ئىشغال قىلدى. خەيبەردە مەدىنىـدىن قېچىپ كەلگەن نەزىـر يەھۇدىـلىرى ئولتۇرۇشلۇق ئىدى، ئۇلار يەرلىك يەھۇدىيلارنى قۇترىتىپ، غەتەفان قەبىلىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامـغا يەنە قارشى تۇردى. مۇسۇلمانـلار يەھۇدىـلارنىڭ تايانـچ نۇقتىسىغا 20 كۈن شىددەت بىلەن ھـۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلـىپ، ئۇلارنىڭ 50 پىرسەنـت باج-سېلىق تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى.

شۇ يىلى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام 2 مىڭ مۇسۇلمانـنى باشلاپ، ھـۇدەيبىـيە سۇلھىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن ھەج-تاۋاپ قىلىـش ئۈچۈن مەككـىگە بارغاندا، قۇرەيشلەر مەككە شەھىرىدىن چىقىـپ، ئـىگىز بىر يەردە مۇسۇلـمانلارنىڭ دىنـىي مۇراسىم ئۆتـكۈزۈشىنى كۆرۈپ تۇردى. 3 كۈندىن كېيىن، قۇرەيىشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامـغا ئادەم ئەۋەتىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتنىڭ توشقانلىقىنى ئېيتتى، مۇسۇلمانلار سۇلھى بويىچە مەدىنىگە قايتتى، مۇشرىكلار مەككىگە قايتىپ كىردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ھۇدەيبىيە سۇلھىدە بەلگىلەنگەن ئۇرۇش قىلماسلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەرەپ يېرىم ئارىلى سىرتىدىكى ئەللەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى. ئۇ ئەتراپتىكى مەملىكەتلەرنىڭ پادىشالىرىغا جۈملىدىن رىم پادىشاسى ھىرەقلى، (575؟—641)، ئىران پادىشاسى كىسرا II ، مىسىر پادىشاسى مۇقەۋقىس، ھەبەشىستان پادىشاسى نەجاشى قاتارلىقلارغا ۋە ئەرەپ قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا ئەلچىلەر ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىم پادىشاسىغا ئەۋەتكەن مەكتۇبى تۆۋەندىكىدەك:

"ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللانىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەتتىن رۇمنىڭ ئۇلۇغى ھىرەقلىگە:

توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. مەن سېنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىمەن. مۇسۇلمان بولساڭ، ئامان بولىسەن، ئاللا ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاپ بېرىدۇ؛ ئەگەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىساڭ، پۇتكۇل خەلقىڭنىڭ گۇناھىي ساڭا يۈكلىنىدۇ. ئى ئەھلى كىتاب! ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللانى قويۇپ بىر بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى. دىگىن. ئەگەر ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلمىسا، بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىگىمىزگە گۇۋا بولۇڭلار، دەڭلار."

بۇ پادىشالارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىغا قايتۇرغان ئىنكاسى ھەر خىل بولدى: ھەبەشىستان پادىشاسى نەجاشى ئىسلام دىنىغا كىردى؛ مىسىر پادىشاسى مۇقەۋقىس بەزى سوغا-سالاملارنى ئەۋەتىپ، رەھمەت ئېيتتى؛ رۇم پادىشاسى ھىرەقلى ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى گېنېراللىرى قارشىلىق بىلدۇردى؛ ئىران پادىشاسى كىسرا II ئەۋەتىلگەن ئەلچىنى ھاقارەتلەپ، ئەۋەتكەن مەكتۇپنى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى ھەمدە يەمەن ۋالىسىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەندىن كەلگەن ئادەمگە: "ئاللا ئۇنىڭ پادىشالىقىنى ۋەيران قىلىۋەتسۇن" دىدى. دەل شۇ كېچىسى كىسرانى ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يەمەن ۋالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئىراندىن ئايرىلىپ چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇرىيە چېگرىسىدىكى بۇسرا ۋالىسى شۇرەھبىل ئىبنى ئەمرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ھارىس ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، بۇ ھەركەت قەبىلەلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتىگە خىلاپ بولغاچقا، بۇ مۇسۇلمانلارغا جەڭ ئېلان قىلغانلىق ھىساپلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازات قىلىنغان قۇللاردىن زەيدىنىڭ باشچىلىغىدا ئەۋەتكەن 3 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۆلۈك دېڭىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مۇئتە دىگەن يەردە يۈز مىڭ كىشىلىك رۇم قوشۇنى (جۈملىدىن ئەرەپ ياللانما قوشۇنى) بىلەن ئۇچرىشىپ، ئوتتۇرىدا شىددەتلىك جەڭ بولدى. مۇسۇلمان ئەسكەرلەر قۇربان بولۇشتىن قاچمىدى، لېكىن سان جەھەتتە دۈشمەن بەك كۆپ بولغاچقا، جەڭدە سەركەردىلەردىن 3 كىشى كەينى-كەينىدىن شەھىت بولدى، خالىد ئىبنى ۋەلىد (ھۇدەيبىيە سۇلھىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان) ئەسكەرلەرنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۇسۇپ چىقىپ، مەدىنىگە قايتتى ھەمدە كۆپلىگەن ئولجا-غەنىمەتلەرنى ئالدى. خالىد ئۆزىنىڭ كارامەت ھەربى ماھارىتى ۋە جاسارىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن

”ئاللانىڭ قىلچى“ دەپ ئاتالدى. ئىسلام تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بىرىنچى قېتىملىق خەلقارا ئۇرۇش — ”مۇئتە ئۇرۇشى“ (629) ئەنە شۇ، بۇ ئۇرۇشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى دۇنياۋى دىنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مەككىنى فەتھى قىلىپ، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك دېگەن قارارغا كەلدى.

## 6. مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى (630) ۋە ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى

(1) قۇرەيشلەرنىڭ سۈلھىنى بۇزۇشى: مىلادى 630 - يىلى، ھۇدەيبىيە سۈلھى ئىمزالىنىپ 2 يىل ئۆتە - ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان خۇزائە قەبىلىسى قۇرەيشلەر بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان بەكىر قەبىلىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، يەنى بەكىر قەبىلىسى قۇرەيشلەرنىڭ ياردىمىدە خۇزائە قەبىلىسىدىن بىرمۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. خۇزائە قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، 1) خۇزائە قەبىلىسىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ زىيانلىرىنى تۆلەپ بەرسۇن؛ 2) بەكىر قەبىلىسى بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقىنى ئەمەلدىن قالدۇرسۇن؛ 3) ھۇدەيبىيە سۈلھى كۈچتىن قالدى دەپ جاكالىسۇن دېگەن 3 شەرتنى قويدى. قۇرەيشلەر ئالدىنقى 2 شەرتنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىدى، بۇنىڭ بىلەن ھۇدەيبىيە سۈلھى ئەمەلدىن قالدى. كېيىن قۇرەيشلەر ئەبۇ سۇفياننى سۈلھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا مەدىنىگە ئەۋەتكەن ئىدى، ئەمما ئۇلار ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

(2) مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ( 630): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېزلىكتە تەدبىر كۆرۈپ، جەڭ قىلىش ئىقتىدارى بار مۇسۇلمانلاردىن 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەشكە بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇ قوشۇن ھەيۋەت بىلەن مەككىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. قۇرەيشلەر بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولۇپ كېتىپ، بىر تەرەپتىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ، مەككە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا مۇداپىئە سېپى تۈزدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەبۇ سۇفياننى مۇسۇلمانلار قوشۇنى تۇرۇۋاتقان يەرگە ئەۋەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئەبۇ سۇفيان بەلكىم بويىچە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكالىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرگە كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇرۇش قىلمايلا مەككىگە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە كىرگەندىن كېيىن قىلغان بىرىنچى ئىشى كەئبىدىكى بارلىق بۇتلارنى تازىلاپ چىقىرىش بولدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇتلار 360 ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇتلارنى چېقىپ تاشلىۋېتىپ: ”ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلدى، بۇتپەرەسلىك بەربات بولدى، بۇتپەرەسلىك قايتا باش كۆتەرمەيدۇ“ (17 - سۈرە، 81 - ئايەت) دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى. كەئبە يەنىلا مۇقەددەس يەر قىلىپ ساقلاندى، ئەرەپلەر مۇقەددەس دەپ چوقۇنۇپ كەلگەن ھەجرىلئەسۋەد (قارا تاش) مۇ ساقلاپ قېلىندى. كەئبىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى يەنىلا ئىلگىرىدىن باشقۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ

قولىدا قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋەت قىلىپ، ئومۇمى كەچۈرۈم قىلىندى، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بىرنەچچە كىشىگىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مەككە شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن بەك قارشى تۇرغانلارمۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنىلا بويسۇندۇرۇپ قالماستىن، ئۆزىگە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن دۈشمەنلەرنىڭ كۆڭلىنىمۇ بويسۇندۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەرەپ يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ـ شارائىت ھازىرلىدى.

(3) ھۇنەين ئۇرۇشى (630): مەككىنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى ھەر-قايسى قەبىلىلەرنى قاتتىق لەرزىگە سالدى، ئەنئەنىۋى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغان بەزى قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەركىزى بولغان كەئبىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. مەككە شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ھاۋازىن قەبىلىسى سەقىف قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئالدى بىلەن ئىسيان كۆتەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 12 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى باشلاپ جەڭگە چىققان ئىدى، مەككە بىلەن تائىف ئارىلىقىدىكى ھۇنەين جىلغىسىدا قەبىلىلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرىدى. مۇسۇلمانلار دەسلەپكى جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ سادىق ساھەبىلىرى ئىنتايىن سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە چاقىردى، ئاخىردا مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، نۇرغۇن ئولجا ـ غەنىمەت ئالدى. مۇسۇلمانلار غەلىبە پەيتىدىن پايدىلىنىپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، تائىفنى ئالدى. ھاۋازىن ۋە سەقىف مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى باشقۇرۇشقا بىر ۋالى تەيىنلەپ، ئۆزى مەدىنىگە قايتىپ كەتتى، بۇ ھال شۇ جايدىكى ئەنسارىلارنى قالتىس خۇشال قىلدى، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز يۇرتىنى قايتۇرۇۋېلىپلا بىزنى تاشلىۋېتىپ، مەككىنى پايتەخت قىلارمىكىن دېگەن ئەندىشىدە بولغان ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دانالىق بىلەن، مەدىنىنى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى، مەككىنى بولسا دىنىي مەركەز قىلىشنى قارار قىلدى.

(4) تەبۇك ئۇرۇشى (630): ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادى 630 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇرىيە چېگرىسىغا كۆپلىگەن رۇم ئەسكەرلىرىنىڭ توپلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە بۇ قوشۇننى ئۆزى باشلاپ، شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەمما يول يىراق، ھاۋا ئىسسىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېۋىلەر پىشاي دەپ قالغانلىقى ۋە دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۇرۇشتىن زېرىكىش كەيپىياتى كېلىپ چىققان ئىدى، قۇرئان كەرىمدە بۇ ئەيىپلەنىدى (17 ـ سۈرە، 18 ـ ئايەت). مۇسۇلمانلار قوشۇنى سۇرىيە چېگرىسىدىكى تەبۇكقا بارغاندا، دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ تېخى توپلانمىغانلىقى مەلۇم بولدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى باشلاپ مەدىنىگە قايتتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۆتكەن جايلاردىكى ئەرەپ قەبىلىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

(5) مۇشرىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش توغرىسىدىكى خىتاپنامە (631): مەككە بوي سۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنىلا ئاز ساندىكى مۇشرىكلار سۈلھىنى بۇزۇپ، جەمئىيەت تەرتىۋىنى قالايمقانلاشتۇردى؛ ھەج قىلىش تۈزۈمى جەھەتتە، مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈپ، ئوتتۇرىدا ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى. مىلادى 631-يىلىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى ھۆكۈمرانلىقى بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش توغرىسىدا ۋەھيي كەلدى (9-سۈرە، 1-،2-ئايەتلەر). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنى ھەجگە بارىدىغانلارغا باشلىق قىلدى، ئەلىنى ھەج مەزگىلىدە جامائەت ئالدىدا مۇشرىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش توغرىسىدىكى خىتاپنامە (بارائەت سۈرىسىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئون ئۈچ ئايەت)نى ئوقۇشقا مەككىگە ئەۋەتتى. بۇ خىتاپنامىگە ئاساسەن، بۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭلا ھەج قىلىشىغا يول قويۇلىدىغان، غەيرى مۇسۇلمانلاردىن سۈلھىگە خىلاپلىق قىلمىغان، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇشىغىمۇ يارىدەملەشمىگەنلەرنىڭ سۈلھىنىڭ مۇددىتى توشقىچە ھەج قىلىشىغا يول قويۇلىدىغان بولدى. بۇ خىتاپنامە مۇشرىكلىكنىڭ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ئاياقلاشقانلىقىدىن بەلگە بەردى. قۇرئاننىڭ 9-سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ خىتاپنامە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

(6) ۋەكىللەر ئۆمەكى يىلى: ھىجرىيىنىڭ 9-يىلى يەنى مىلادى 630—631-يىللىرى ئىسلام تارىخىدا "ۋەكىللەر ئۆمەكى يىلى" دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇ يىلى ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەبىلىلەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئېھتىرام ۋە ساداقەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن مەدىنىگە ئارقا-ئارقىدىن ۋەكىللەر ئۆمەكى ئەۋەتكەن ئىدى (49-سۈرە). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلاردىن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ۋە سۈركىلىشنى توگىتىشنى، دىني ئېتىقاتنى ھەركىم ئۆزى بەلگىلەشنى؛ ھەرقايسى قەبىلىلەردىن مەدىنىنىڭ خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ۋە زاكات تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. قۇرئاننىڭ 49-سۈرىسىدىن كېيىن، 48-سۈرىسى نازىل بولدى، ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارغا غەلىبە قازانغان ۋەزىيەتتە مەدىنىيەتلىك ۋە ئەدەپلىك بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلىپ، "ئاللانىڭ نەزىرىدە ئاراڭلاردىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەر ئاراڭلاردىكى ئەڭ تەقۋا كىشىلەردۇر" (49-سۈرە، 13-ئايەت)؛ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش توغرىسىدا:" ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن كېلىشتۈرۈڭلار ۋە ئىنساپ قىلىڭلار، ئاللا ئەلۋەتتە ئىنساپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ" (49-سۈرە، 9-ئايەت) دېيىلگەن. "مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر" دېگەن سۆز تېچلىق ۋە ئادالەت كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغان، 49-سۈرىدە ھەرقايسى قەبىلىلەرگە كونكرېت مەسىلىلەر بىلەن چوڭقۇر ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيىسى بېرىلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىجاناپ پەزىلىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ھەرقايسى قەبىلىلەر كەينى-كەينىدىن ئىسلام دىنىغا كىردى، ھىجرىيىنىڭ 10-يىلى يەنى مىلادى 632-يىلىغا كەلگەندە، پۈتكۈل ئەرەپ يېرىم ئارىلى ئىسلام تۇغى ئاستىدا، ئاساسىي جەھەتتىن، بىرلىككە كەلگەن ئەرەپ مىللىتىدىن تەركىب تاپقان مەملىكەتكە ئايلاندى.

## 7. ۋىدالىشىش ھەجى (632) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشى

ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى يەنى مىلادى 632 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە بېرىپ، ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ھەجگە شەخسەن ئۆزى رەھبەرلىك قىلدى، بۇ قېتىمقى ھەجگە مۇسۇلمانلارلا قاتناشتى، بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلغىنىدا تېخى قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئىدى، ئەمدى بولسا ئۇ پۈتكۈل ئەرەپ خەلقىنىڭ ئۇ ئالەملىك ۋە بۇ ئالەملىك داھىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بارلىق ھاجىلارنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ھاجىلار ئەرەفاتقا جەم بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ۋىدالىشىش نۇتقى (ئىسلام دىنىدا «تاغدىكى ھەدىس» دەپ ئاتىلىدۇ)نى سۆزلىدى، بۇ نۇتۇق ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ھاجىلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل ئەرەپكە تارقالدى:

"ئى خالايىق! سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، بۇ يىلدىن كېيىن مۇشۇ جايىمدا سىلەر بىلەن ئۇچرىشالىشىم مۇمكىن دەپ ئويلايمەن،... ئى خالايىق! تاكى رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا بارغىنىڭلارغا قەدەر، بىر بىرىڭلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا چېقىلىش خۇددى مۇشۇ ئاينىڭ، مۇشۇ كۈنىنىڭ، مۇشۇ جاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىققا ئوخشاشلا ھارامدۇر...

ئى خالايىق! بىلىشىڭلار لازىمكى، مۆمىنلەر بىر بىرىگە قېرىنداش، سىلەر قېرىنداشلار جەمەيىتىنىڭ باراۋەر ئەزاسى، قېرىندىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرمىگەن مېلى ھېچكىمگە ھالال ئەمەس. بىر بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماسلىغىڭلار كېرەك، ئى ئاللا! گۇۋا بولغىن، بۇ ۋەھيىنى يەتكۈزمىدىممۇ؟

قاراڭلار! مۇشرىكلىكمۇ، جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرمۇ مېنىڭ ئاياق ئاستىمدا قالدى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى "قېرىنداشلار ئۆچمەنلىگى" چەكلىنىدۇ،... جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلىنغان جازانىخورلۇق بىكار قىلىنىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۆز سەرمايەڭلارنى يىغىۋالساڭلار بولىدۇ، سىلەر كىشىلەرگە ئۇۋال قىلماڭلار، سىلەرگىمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ...

ئى خالايىق! ئاياللار مەسىلىسىدە ئاللاتائالادىن قورقۇڭلار، زىممىڭلاردا ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەققى بار، ئاياللىرىڭلارنىڭ زىممىسىدىمۇ ئۇلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بار...

ئى خالايىق! سىلەرگە ھەبەشىستانلىق قۇل باشلىق بولسىمۇ، ئۇ ئەگەر ئاللانىڭ كىتاۋىدىكى ئەمر ـ پەرمانلارنى ئىجرا قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.

...دەرھەقىقەت، مەن سىلەرگە ئاللانىڭ كىتاۋى بولغان قۇرئاننى ۋە ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسىنىڭ ھەدىسلىرىنى قويۇپ كەتتىم، ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلساڭلار، ئازمايسىلەر..."

(داۋامى بار)

# جوڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنىڭ پەخرى مۇدىرى ئابدۇرەھىم ما سۇڭتىڭ ئاخۇنۇمنىڭ رادىيو نۇتقى

—— ئافغانىستان خەلقىنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

سۆيۈملۈك ئافغانىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى — ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى، مۇشۇ قۇتلۇق بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن، جوڭگو ئىسلام جەمىيىتى 14 مىليون جوڭگو مۇسۇلمانلىرى نامىدىن قەھرىمان ئافغانىستان خەلقى ۋە ئافغانىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ.

ئافغانىستان ئاسىيادىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەت، ئافغانىستان خەلقى ئەمگەكچان، باتۇر خەلق بولۇپ، چەتنىڭ تاجاۋۇزى ۋە زۇلمىغا قارشى تۇرىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە. 1919 ـ يىلى ئافغانىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكالىدى ۋە ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى، غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئافغانىستان مۇستەقىل مۇسۇلمانلار دۆلىتى بولۇپ قالغان ئىدى. 1979 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامىنى ۋە خەلقارا مۇناسىۋەتلەر پىرىنسىپلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپسەندە قىلىپ، تەيپارتىماستىن قوراللىق قىسىملىرىنى چىقىرىپ، ئافغانىستانغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش بىلەن، ئافغانىستان خەلقىگە ئېغىر بالايى ـ ئاپەتلەرنى كەلتۈردى ۋە ئاسىيانىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. ئاللا قۇرئان كېرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار بىلەن تاكى بۇزغۇنچىلىق قالمىغىچە ئۇرۇش قىلىڭلار." (2 ـ سۈرە، 193 ـ ئايەت) ئافغانىستان خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى باش ئەگمەس خەلقتۇر، ئۇلار مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش بايرىقىنى كۆتىرىپ، ئىنتايىن مۈشكۈل شەرت ـ شارائىت ئاستىدا، سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. تارىخ شۇنى

ئىسپاتلىدىكى، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە مۇسۇلمان دۆلەت بولغان ئافغانىستاننى سوۋېت زومىگەرلىرىنىڭ قورال كۈچى بىلەن بويى سۇندۇرۇش غەرىزى ئىشقا ئاشمايدۇ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش كۈرىشىنىڭ يالقۇنىنى ھەرقانداق كۈچمۇ ئۆچۈرەلمەيدۇ.

ئافغانىستان مەملىكىتىمىزنىڭ دوست خوشنىسى، جۇڭگو-ئافغانىستان خەلقلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك ئورتاق كۈرەشلەر داۋامىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋە خەلقى ئافغانىستان خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىق تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرى ئافغانىستاندىن شەرتسىز ۋە پۈتۈنلەي چېقىپ كېتىشى، مۇسۇلمان دۆلەت بولغان ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ھەمدە ئافغانىستان مۇساپىرلىرى ئامان-ئېسەن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشى كېرەك. ئافغانىستان خەلقى ئۆز كۈرىشىدە يېتىم ئەمەس، ئۇلار پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلق ۋە ھەققانىيەتنى قوۋۋەتلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش يولىدىكى باتۇرانە كۈرىشى ھەققانىي كۈرەش، ھەققانىي ئىش جەزمەن غەلىبە قازىنىدۇ.

ئاللا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ”ئى مۆمىنلەر، ئەگەر سىلەر ئاللاغا ئىشەنسەڭلار، ئاللا سىلەرگە مەدەت بېرىدۇ ۋە سىلەرنىڭ قەدىمىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىدۇ.“ (47-سۈرە، 7-ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ئەگەر ئاللا سىلەرگە مەدەت بەرسە، سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ.“ (3-سۈرە، 160-ئايەت)

ئاللا سىلەرگە مەدەت بەرسۇن! رەھمەت.

1984-يىل 3-ئاينىڭ 19-كۈنى

# هىجرىيە كالىندارى توغرىسىدا بىرقانچە مەسىلە

چېن جىنخۇي

هىجرىيە كالىندارى ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسلىق كالىندارلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تارقىلىشى تارىختىلا زور تەسىر قوزغىغان بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئەرەپ دۇنياسى، باشقا ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىدا يەنىلا كەڭ ئېتىۋارغا ئېلىنماقتا ياكى قوللىنىلماقتا. هىجرىيە كالىندارى جۇڭگوغا يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا كىرگەندىن كېيىن، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت قوللىنىلدى ياكى پايدىلىنىلدى. تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى روزا، ھەج، ھېيت-ئايەملەرگە ئوخشاش دىنىي رەسمىيەت ۋە قائىدە-يوسۇنلارنىڭ ۋاقتىنى ھېساپلاشتا، يەنىلا هىجرىيىنى ئاساس قىلماقتا، ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھازىر هىجرىيىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## هىجرىيە كالىندارىنىڭ بارلىققا كېلىشى

"هىجرىيە" (الهجرة) "كۆچۈش"، "كېتىش" دېگەن مەنىدە بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مىلادى 622-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنى يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ قېتىمقى كۆچۈش—هىجرىيە، ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ھېساپلىنىدۇ. 17 يىلدىن كېيىن، ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئىشنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، هىجرەت يۈز بەرگەن يىل—ئەرەپ قەمەرىيە يىلىنىڭ يىل بېشى، يەنى مىلادى 622-يىل 7-ئاينىڭ 16-كۈنىنى هىجرىيىنىڭ يېڭى يىلىنىڭ 1-كۈنى قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، نېمە ئۈچۈن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان كۈن—ئەرەپ قەمەرىيە يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنى (مىلادى 622-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنى) هىجرىيىنىڭ يېڭى يىلى باشلانغان كۈن قىلىپ بېكىتىلمەي، ئەرەپ قەمەرىيە يىلىنىڭ يىل بېشى (مىلادى 622-يىل 7-ئاينىڭ 16-كۈنى) يېڭى يىل كۈنى قىلىپ بېكىتىلدۇ؟ بۇنىڭدا ھەزرىتى ئۆمەر هىجرىيە يىلىنىڭ يېڭى يىل كۈنى بىلەن ئەرەپ قەمەرىيە يىلىنىڭ يېڭى يىل كۈنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، شۇ مەقسەتتە ئۇ، يېڭى يىل باشلىنىشىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان كۆچكەن ۋاقتىنى 71 كۈن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەرەپ قەمەرىيە يىلىنىڭ 1-ئاينىڭ 1-كۈنىگە توغرىلىغان-دە، بۇنىڭ بىلەن، هىجرىيە كالىندارىنىڭ يېڭى يىلى ئەرەپ قەمەرىيە يىلىنىڭ يېڭى يىلىدىن باشلىنىدىغان

بولغان.①

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىجرىيە كالېندارىنىڭ يېڭى يىلىنى بېكىتىشتە، ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق 4 خىل پىكىر بولغان: 1. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى يېڭى يىلنىڭ باشلانغان كۈنى قىلىش؛ 2. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولغان كۈنىنى يەنى بۇيرۇققا بىنائەن دىن تارقاتقان كۈنىنى يېڭى يىلنىڭ باشلانغان كۈنى قىلىش؛ 3. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كۆچكەن كۈنىنى يېڭى يىلنىڭ باشلانغان كۈنى قىلىش؛ 4. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كۈنىنى يېڭى يىلنىڭ باشلانغان كۈنى قىلىش. كېڭەش داۋامىدا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئۈستىدە پىكىر بىردەك بولمىغاچقا، ئۇ كۈننى يېڭى يىلنىڭ باشلانغان كۈنى قىلىش قىيىن بولغان؛ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىن تارقاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مۇسۇلمانلار ئازساندا، مۇشرىكلار كۆپ ساندا بولغاچقا، ئىككىنچى تۈرلۈك پىكىرمۇ ئېتىۋارغا ئېلىنمىغان؛ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كۈن قايغۇلۇق بىر كۈن بولغاچقا، بۇ كۈنمۇ قوبۇل قىلىنمىغان؛ ئاخىرى، زور خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان ھىجرەت يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى قىلىپ بىردەك تاللاپ ئېلىنغان.②

## ھىساپلاش ئۇسۇلى

ئەرەب كالېندارى كۈن كالېندارى ۋە ئاي كالېندارى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كۈن كالېندارى، ئومۇمەن تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا قوللىنىلىدۇ، ئاي كالېندارى، ئومۇمەن دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ۋە تارىخنى خاتىرىلەش ئىشلىرىدا قوللىنىلىدۇ.

ھىجرىيە كالېندارىدا قوللىنىلىدىغان ئەرەب ئاي كالېندارى نوقۇل ھالدىكى ئاي كالېندارى ھىساپلىنىدۇ، يەنى بۇنىڭدا، ھەم ئايغا قاراپ ئاي ھىساپلىنىدۇ، ھەم ئايغا قاراپ يىل ھىساپلىنىدۇ. بۇنى ھىساپلاش ئۇسۇلى مۇنداق: ئاينىڭ تولۇشى بىلەن كەمتۈكلىكى ئۆلچەم قىلىنىپ، ئاينىڭ تولۇشى بىلەن كەمتۈك بولۇشىنىڭ بىر قېتىم دەۋر قىلىشى (ئالاھەزەل 29 كۈن 12 سائەت 44 مىنۇت) بىر ئاي، ئاينىڭ تولۇشى بىلەن كەمتۈك بولۇشىنىڭ 12 قېتىم دەۋر قىلىشى (ئالاھەزەل 354 كۈن 8 سائەت 48 مىنۇت) بىر يىل ھىساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئايلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئايرىشتا، ئومۇمەن 1 ـ ئاي، 3 ـ ئاي، 5 ـ ئاي، 7 ـ ئاي، 9 ـ ئاي ۋە 11 ـ ئاي قاتارلىق تاق ئايلار 30 كۈنلۈك ئاي ھىساپلىنىدۇ؛ ئومۇمەن 2 ـ ئاي، 4 ـ ئاي، 6 ـ ئاي، 8 ـ ئاي، 10 ـ ئاي ۋە 12 ـ ئاي قاتارلىق جۈپ ئايلار 29 كۈنلۈك ئاي ھىساپلىنىپ، ئۇلاردىن ئارتۇق ئاي بولمايدۇ. بۇ كالېنداردا، پۈتۈن يىلنىڭ ئەمەلىي كۈن سانى 354 كۈن 8 سائەت 48 مىنۇت بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان 8 سائەت 48 مىنۇت يىغىلىپ، 3 يىل ئۆپچۆرىسىدە 1 كۈن ئارتۇق چىقىدۇ،

① ماجيەن تەرجىمە قىلغان «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتاپنىڭ 1 ـ كىتاۋىغا قارالسۇن، 1979 ـ يىلى شاڭخۇ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

② ئىراندا نەشر قىلىنغان «ئىسلام ئىدىيىسى» ژورنىلىنىڭ (ئەرەبچە) 1976 ـ يىللىق 31 ـ 32 ـ سانلىرىغا قارالسۇن.

شۇڭا بۇ كالىنداردا 30 يىل بىر دەۋر ھىساپلىنىدۇ، ھەر بىر دەۋرنىڭ 2 ـ، 5 ـ، 7 ـ، 10 ـ، 13 ـ، 16 ـ، 18 ـ، 21 ـ، 24 ـ، 26 ـ ۋە 29 ـ يىللىرىنىڭ 12 ـ ئېيىنىڭ ئاخىرىدا بىر كۈن ئارتۇق چىقىدۇ، بۇ جەمى 11 كۈن بولىدۇ. بىركۈن ئارتۇق چىقىدىغان بۇ يىللار 355 كۈن بولىدۇ.

بۇ كالىنداردا ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرغان ۋاقىت بىر كۈننىڭ باشلىنىشى، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ دەۋر قىلىشى ئارقىسىدا، ئەتىسى كۈن ئولتۇرغان ۋاقىت بىر كۈننىڭ ئاخىرلىششى قىلىنىدۇ. بۇ شۇنداق دىگەنلىككى، بۇ كالىنداردا، بىر كۈن يېرىم كېچە سائەت 0 دىن باشلانماستىن، سائەت 0 دىن ئىلگىرىكى كۈنى كەچقۇرۇندىن تارتىپ باشلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاش بىر كەچقۇرۇنلۇق ۋاقىتنى مىلادىيە كالىندارى بويىچە ھەپتىنىڭ 4 ـ كۈنى كەچقۇرۇن ۋاقتى دىسەك، ھىجرىيە كالىن ـ دارى بويىچە ئۇ، ھەپتىنىڭ 5 ـ كۈنى ئالدىنقى باش كېچە بولۇپ چىقىدۇ.① شۇ سەۋەپتىن، ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىنى سېلىشتۇرۇپ ھىساپلىغاندا، ئوخشاش بىر كۈندە، ئىككى كالىندار كۈندۈزى بىردەك بولسا، ئاخشىمى كۈن ئاتلاپ، بىر بىرسىنىڭكىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى كۈننى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بۇ يىل قۇربان ھېيت (ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) مىلادى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگە توغرا كەلسە، ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بويىچە ھىساپلىغاندا، بۇ كۈن ئەمىلىيەتتە، مىلادى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كەچتىلا باشلىنىدۇ. قۇربان ھېيت پائالىيەت ـ لىرى كۈندۈزى ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋاقتى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قىلىپ بېكىتىلمەي، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قىلىپ بېكىتىلگەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ ھېيت كۈنى ھەم 28 ـ كۈنى ئاخشىمىنى، ھەم 29 ـ كۈنى كۈندۈزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە مەسىلەن، بۇ يىل قەدرى كېچىسى (ھىجرىيە 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى) مىلادى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگە توغرا كېلىشى كېرەك ئىدى، بىراق، قەدرى كېچىسى ئەمىلىيەتتە، بىر كۈننىڭ باشلىنىشى بولغاچقا، ئۇنى ئالدىنقى كۈنى كېچىدىن، يەنى مىلادى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېچىدىن، ھىجرىيە 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچقۇرۇندىن باشلاپ ھىساپلاشقا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇنداق ھىساپلىغاندا، توپ ـ توغرا قەدرى كېچىسى كۈنى ـــ 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگە توغرىلىنىدۇ. ئەگەر مىلادى كالىندارىدىكى قەدرى كېچىسى كۈنى (7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)نى ھىجرىيە 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بويىچە ھىساپلاشقا توغرا كېلىدىغان بولسا، مىلادى كالىندارىنىڭ ئادىتى بويىچە، ئۇنى مۇقەررەر ھالدا شۇ كۈنى (7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) كېچىسىدىن تارتىپ ھىساپلاشقىلا بولىدۇكى، ئالدىنقى كۈنى (7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) كېچىسىدىن تارتىپ ھىساپلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بۇنداق بولغاندا، ئەمىلى ـ يەتتە، بۇ كۈن ھىجرىيە 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى باش كېچىگە توغرا كېلىپ قالىدۇ ـ دە، قەدرى كېچىسى ئارقىغا بىر كۈن سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ خاتالىق ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىدىكى ھىساپلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كۆپىنچە كىشىلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك.

---

① ھىجرىيە كالىنداردا بىر كۈننىڭ باشلىنىشى بىلەن بىر كۈننىڭ ئاخىرلىششىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر كۈننىڭ باشلىنىشىنى "باش كېچە"، ئاخىرلىششىنى "كەچقۇرۇن" دەپ ئاتىدىم، مىلادى كالىندار ـ ىنىڭكى بولسا ئادەت بويىچە ئاتىلىدۇ.

# ئايلارنىڭ نامى ۋە مەنىسى

ھجرىيە كالىندارىدىكى ئايلارنىڭ نامى ئومۇمەن ئەرەبلەرنىڭ قەدىمىي رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ مەنىسى كۆپىنچە جەمىيەت ئەھۋالى، دىنىي پائالىيەتلەر، دېخانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ھاۋا كېلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.① ھازىر ئايلارنىڭ نامى ۋە مەنىسىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

1 ـ ئاي، "مۇھەررەم" (محرم) ئېيى دەپ ئاتىلىپ، "مەنئى قىلىش" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبلەر كەبەنى ئاللانىڭ ئۆيى دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش، بۇ ئاينىمۇ ئاللانىڭ ئېيى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئايدا جەڭ قىلىش، ئېلىشىش ۋە قىساس ئېلىش مەنئى قىلىنىدۇ، بۇ ئاي ئىسلام دىنىدىكى تەقىپ قىلىنىغان 4 ئاينىڭ بىرىنچى ئېيى ھېساپلىنىدۇ.

2 ـ ئاي، "سەپەر" (صفر) ئېيى دەپ ئاتىلىپ، "سارغىيىش" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى زىرائەت باشاقلىرىنىڭ سارغايغانلىقى ئۇلارنىڭ پىشقانلىقى ۋە ئۇلارنى يىغىۋېلىش پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەسىل ئەسلىدە 1 ـ 2 ـ ئايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، زىرائەتلەر يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر جەڭگە ئاتلىنىپ، ئائىلىلىرىدە ئادەم قالمايدىغان بولغاچقا، بۇ ئاي يەنە "بوش قېلىش" دىگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. 1 ـ ئايدا ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىنغانلىقتىن، ئۇ مۇھەررەم ئېيى دەپ ئاتالغان، 2 ـ ئاي مەخسۇس سەپەر ئېيى قىلىنغان.

3 ـ ئاي، "رەبىئۇل ئەۋۋەل" (ربيع الاول) دەپ ئاتىلىدۇ.

4 ـ ئاي، "رەبىئۇلئاخىر" (ربيع الاخر) دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئىككى ئاينىڭ نامى "بىخ سۈرۈش" يەنى باھار دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 3 ـ ئاي باش باھار، 4 ـ ئاي كەچ باھار مەزگىلى بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر كۆكىرىدىغان، گۈل ـ گىيالار ئەمدى بىخ سۈرۈشكە باشلىغان ۋە يول ـ يېغىن كۆپرەك بولىدىغان پەسىل.

5 ـ ئاي، "جامادىيەل ئەۋۋەل" (جمادى الاولى) دەپ ئاتىلىدۇ.

6 ـ ئاي، "جامادىيەل ئاخىر"، (جمادى الاخرة) دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئىككى ئاينىڭ نامى "توڭلاش" يەنى قىش كۈنى دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 5 ـ ئاي باش قىش، 6 ـ ئاي كەچ قىش مەزگىلى بولۇپ، بۇ، يەرلەر توڭلاپ، سۇ مۇز تۇتىدىغان تازا سوغاق پەسىل.

7 ـ ئاي، "رەجەپ" (رجب) دەپ ئاتىلىپ، "ئەيمىنىش" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمىي ئەرەبلەر بۇ ئاينى بەكمۇ قەدىرلەيدىغان بولغاچقا، بۇ ئايدا جاندارلارنى بوغۇزلاپ نەزىر ـ چىراق

---

① بېيروت ئامېرىكا داشۆسىنىڭ سېمۇ تىلى پىروفېسسورى ئېيىنىس فالخا تۈزگەن «ئەرەپ كالىندارىدىكى ئايلارنىڭ نامى ۋە مەنىسى» (ئەرەبچە) گە قارالسۇن. 1952 ـ يىلى بېيروت مىليون كىشى نەشرىياتى نەشرى؛ 2. 1947 ـ يىلى چىڭدۇ شەھرى مىنشىن باسمىخانىسىدا بېسىلغان خۇاڭ مىڭجۈ يازغان «ئىسلام كالىندارىنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈش» دىگەن كىتاپقا قارالسۇن.

قىلىدۇ، ھەج-تاۋاپ قىلىدۇ، قوراللىق ئۇرۇش قىلمايدۇ، بۇ-تەقىپ قىلىنغان 4 ئاينىڭ بىرى.

8-ئاي، "شەئبان" (شعبان) دەپ ئاتىلىپ، "شاخلىنىش"، "تارقىلىش" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شاخلىنىش ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى بۈك-باراقسان بولۇپ شاخلىنىدىغان پەسلىنى؛ تارقىلىش ئەرەبلەرنىڭ تەرەپ-تەرەپلەرگە سۇ مەنبەسى ۋە ئورمانلىقلارنى ئىزلەپ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمقى ئەرەبلەر بۇ ئايدا پەرھىز قىلغان، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ ئايدا پەرھىز قىلىش نەپلى پەرھىز قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، رامىزان ئېيىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مۇشۇ ئاي مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ روزى تۇتقان ئېيى ئىكەن.

9-ئاي، "رامىزان" (رمضان) ئېيى دەپ ئاتىلىپ، "تومۇز" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمقى ئەرەبلەر بۇ ئاينى مۇقەددەس ئاي دەپ ھېساپلىغان، ئىسلام دىنىدا، بۇ ئاي رامىزان ئېيى قىلىپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ ئايدا بىر ئاي روزى تۇتۇش ئارقىلىق، ئۆزىنى چىنىقتۇرۇپ، خۇداغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

10-ئاي، "شەۋۋال" (شوال) دەپ ئاتىلىپ، "كۆتىرىلىپ قېلىش" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمقى ئەرەبلەر بۇ ئاينى يامانلىقتىن دېرەك بېرىدىغان ئاي دەپ قاراپ، بۇ ئايدا چاي ئىچۈرۈش ۋە قىز كۆچۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلىگەن. ئەمما بەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ كونا ئادەتنى بۇزۇپ تاشلىغان، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى ئايىشە مۇنداق دېگەن: "خۇدانىڭ ئەلچىسى مەن بىلەن مۇشۇ ئايدا توي قىلغان".

11-ئاي، "زۇلقەئدە" (زولقعدة) ئېيى دەپ ئاتىلىپ، "ئولتۇرۇش" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئاي ئۇرۇشنى توختىتىپ، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىلىدىغان ئاي؛ شۇنداقلا بۇ ئايدا، ئوت-چۆپلەر راسا ئۆسكەچكە، مۇسۇلمانلار بىخارامان پادا باقىدۇ؛ ياكى ئۇلار سىرتقا سەپەرگە چىقماي، ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ھالدا ھەج قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ-تەقىپ قىلىنغان 4 ئاينىڭ بىرى.

12-ئاي، "زۇلھەججە" (زوالحجه) ئېيى دەپ ئاتىلىپ، "ھەج قىلىش" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ھەج قىلىش قەدىمقى ئەرەبلەردە ئەسلىدىن بار دىنىي پائالىيەت بولۇپ، ئىسلام دىنىدا بۇ ئەنئەنە ساقلاپ قېلىنىپ، بۇ ئاي ھەج قىلىش ئېيى قىلىنغان ھەمدە بۇ ھەقتە كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇشۇ ئايدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ ئايمۇ تەقىپ قىلىنغان 4 ئاينىڭ بىرى.

بۇ يەردە يەنە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ كالېنداردا يىل ۋە ئايلار ئاي كالېندارى بويىچە ھېساپلىنىدۇ، شۇڭا، ئۇنى مىلادى كالېندارىغا سېلىشتۇرغاندا، ھەر ئايدا بىر كۈن، ھەر يىلدا تەخمىنەن 10 كۈن، 3 يىلدا تەخمىنەن بىر ئاي كەم چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كالېنداردا ئارتۇق ئاي بولمايدۇ، شۇڭا ھەرقايسى ئايلارنىڭ تۇرىدىغان پەسلى مۇقىم بولماستىن، ئالاھەزەل 32 يېرىم يىلدا بىر قېتىم دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەتىيازلىق كۈن-تۈننىڭ توختىشى مەلۇم يىلنىڭ 1-ئېيىدا كەلگەن بولسا، 10 يىلدىن كېيىن 8-ئايدا كېلىدۇ، 20 يىلدىن كېيىن، 4-ئايغا توغرا كېلىپ قالىدۇ، دېمەك، مانا مۇشۇ تەرىقىدە سۈرۈلۈ-

ۋېرىدۇ، بۇ مەزكۇر كالىندارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. مۆلچەرلىنىشچە، بۇ، ئەرەپ ئايكا لىندارى بارلىققا كەلگەن مەزگىلدىكى پەسىل ياكى رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. كېيىنكى مەزگىللەردىكى پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئايلارنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. يەنە بۇنىڭدىن باشقا سەۋەپلەرنىڭ بار-يوقلۇغى ئۈستىدە تېخى داۋاملىق تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئايغا قاراش

ئايغا قاراش ئىسلام دىنىدا ھىجرىيىنىڭ 9-ئېيى يەنى رامىزان ئېيى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئالاھىدە بەلگىلىمە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، يەنى بۇ ئاينىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشنى ھېساپلاشتا، ئايغا قاراپ ھېساپلاش بىلەن كالىندار بويىچە ھېساپلاشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۆلچەم قىلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: "سىلەر يېڭى ئاينى كۆرگەندە روزى تۇتۇڭلار، يېڭى ئاينى كۆرگەندە روزىنى تاماملاڭلار؛ ئەگەر ئاينى بۇلۇت توسۇۋالغان بولسا، شەئبان ئېيىنى 30 كۈنگە توشتۇرۇپ باشلاڭلار". ① دىمەك، بۇ يەردە رامىزان ئېيىنى باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى بېكىتىپ بېرىلگەن: ئاينى كۆرۈش قولايلىق بولغان ئەھۋالدا، يېڭى ئاينى ئۆلچەم قىلىش؛ ئاينى كۆرۈش قىيىن بولغان ئەھۋالدا ئالدىنقى ئاينى 30 كۈنگە توشقۇزۇش.

ئاي كالىندارىدىكى چوڭ ئاي ۋە كىچىك ئايلارنىڭ كالىندار بويىچە ھېساپلاش ئارقىلىق چىقىرىلغانلىغى ۋە ئۇنىڭ مۇقىم بولىدىغانلىغىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمما، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشدا يېڭى ئاينى ئۆلچەم قىلىڭلار، دىگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھىجرىيە 8-ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى (8-ئاي كىچىك ئاي بولغاچقا، ئادەتتە 29 كۈن بولىدۇ) كەچقۇرۇنلۇغى يېڭى ئاي كۆرۈنسە، شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن، 9-ئاي كىرىدۇ ۋە رامىزان باشلىنىدۇ. يېڭى ئاي كۆرۈنمىسە، 8-ئاينى 30 كۈن قىلىش يەنى 8-ئاينى چوڭ ئايغا ئۆزگەرتىش كېرەك. 8-ئاينىڭ 30- كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن، تەبىئى ھالدىلا 9-ئاي كىرىدۇ، شۇڭا يەنە ئايغا قاراشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. 9-ئاينىڭ 29- كۈنى كەچقۇرۇنلۇغىمۇ يېڭى ئايغا قاراش كېرەك، ئەگەر يېڭى ئاي كۆرۈنسە، 9-ئاينى كىچىك ئايغا ئۆزگەرتىپ، رامىزان ئېيىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئەتىسى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى يەنى روزى ھېيت بولىدۇ، بولمىسا، رامىزان ئېيىنى يەنە بىر كۈن ئۇزارتىپ، 9-ئاينى يەنىلا چوڭ ئاي قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قالغان ئايلارنىڭ چوڭ ئاي 30 كۈن، كىچىك ئاي 29 كۈن، چوڭ-كىچىك ئىككى ئاي قوشۇلۇپ جەمئى 59 كۈن بولۇشىغا كەلسەك، ئۇنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام شەخسەن ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن، شۇڭا ئۇ ئايلارنى ھېساپلاشتا ئايغا قاراشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇھەممە-

---

① ماجىيەنىنىڭ 1951-يىلى بېيجىڭ داشۆنىڭ نەشر قىلىش بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھىجرىيە كالىندارىغا دائىر مۇھىم نۇقتىلار» دىگەن كىتاۋىدىن ئېلىندى.


مەت ئەلەيھىسسالام: "ئايلار چوڭ ۋە كىچىك ئايلارغا بۆلۈنىدۇ، كىچىك ئاي 29 كۈن بولىدۇ، چوڭ ئاي 30 كۈن بولىدۇ" ① دېگەن، شۇنداقلا ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: "ئاي مۇنداق، مۇنداق، مۇنداق بولىدۇ؛ ئاي مۇنداق، مۇنداق، مۇنداق بولىدۇ." ② مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئالدىنقى 3 قېتىملىق قول ئىشارىتىنى قىلغاندا ئاخىرىدا كىلىپ، بىر بارمىقىنى پۈكۈۋېلىپ 29 كۈن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن؛ كېيىنكى 3 قېتىملىق قول ئىشارىتىنىڭ ئاخىرىدا بارمىقىنى پۈكۈۋالماي، 30 كۈن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئىككى ئاينى قوشقاندا 59 كۈن بولۇپ، ئۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان چوڭ-كىچىك ئايلارنىڭ كۈن سانىغا دەلمۇ-دەل توغرا كېلىدۇ.

ئىلگىرى، بەزى رايونلاردا، ھىجرىيە كالىندارى قائىدىسىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، دائىم دېگۈدەك ئايغا قاراش مەسىلىسىدە تالاش-تارتىشلار پەيدا بولۇپ، ئورۇنسىز ئىختىلاپلار يۈز بەردى، ھەتتا، پىكىر ئىختىلاپلىرى تۆپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كېتىدىغان، تەرەپلەرگە ئايرىلىپ كېتىدىغان، ھەتتا ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەردى، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "كۈن ۋە ئاي ئۇچۇن مۇقەررەر بىر ھىساپ باردۇر" («قۇرئان كېرىم» 55-سۈرە، 5-ئايەت). يەنە مۇنداق دېگەن: "ئاللا كۈننى ناھايىتى يورۇق، ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى ۋە سىلەرنىڭ يىللارنىڭ سانىنى، ھىساۋنى بىلىۋېلىشىڭلار ئۇچۇن ئاينىڭ مەنزىللىرىنى تەيىن ئەتتى" («قۇرئان كېرىم» 10-سۈرە، 5-ئايەت) قۇرئان كېرىمدىكى بۇ ئىككى ئايەتتىمۇ، يۇقۇرىدا ھەدىستىن ئېلىنغان نەقىللەردىمۇ شۇ نەرسە ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەنكى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ كالىندار بويىچە ھىساپلاشنى، يەنى يېڭى ئاينىڭ چىقىشىنى رامزان ۋاقتىنى ھىساپلاشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشنى بىلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئايغا قاراپ ھىساپلاش بىلەن كالىندار بويىچە ھىساپلاشنى بىرلەشتۈرگەن. كالىندار بويىچە ھىساپلاشنىلا ئۆلچەم قىلىپ، ئايغا قاراپ ھىساپلاشقا سەل قاراش؛ ياكى ئايغا قاراپ ھىساپلاشنىلا ئاساس قىلىپ، كالىندار بويىچە ھىساپلاشقا سەل قاراش مۇۋاپىق ئەمەس، بىز قۇرئان كېرىمنىڭ ۋە ھەدىسنىڭ تەلىملىرىنى ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ئايغىمۇ قارىشىمىز، كالىندار بويىچە ھىساپلاشقىمۇ ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم، ئۇنىڭ بىرىگە ئېغىپ كېتىپ، يەنە بىرىگە ئېتىۋارسىز قارىساق بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئايغا قاراپ ھىساپلاش بىلەن كالىندار بويىچە ھىساپلاشنى بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان دەۋر پەن-تېخنىكا تېخى تەرەققى تاپمىغان دەۋر ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، كالىندار بويىچە ئىلمىي ھىساپلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئاي بىلەن كۈننىڭ ئايلىنىشىنىڭ توغرا ھىساپلاپ چىقىرىلىشى ئارقىسىدا، ئوخشاش بىر ۋاقىت ۋە رايوندا، پەرھىزنىڭ باشلىنىش ۋاقتى بىلەن ئاخىرلىشىش ۋاقتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئىشەنچلىك ئاساس يارىتىپ بېرىلدى.

---

① چىن كېلى تەرجىمە قىلغان 1954-يىلى بېيجىڭ مۇسۇلمانلار كىتاپ-ژورنال نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھەدىس»تىن ئېلىندى.

② ماجيەننىڭ 1951-يىلى بېيجىڭ داشۆنىڭ نەشر قىلىش بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھىجرىيە كالىندارىغا دائىر مۇھىم نۇقتىلار» دېگەن كىتاۋىدىن ئېلىندى.



# نيۇجيې مەسجىدىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

نيۇجيې مەسچىدى بېيجىڭ شەھرىدىكى ئاتاقلىق بىر قەدىمىي مەسچىت. ئۇ شۈەنۋۇ رايونىدىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نيۇجيې كوچىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، نيۇجيې مەسچىدى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ مەسچىت سۇڭ سۇلالىسى تەيزۇڭ خانى جىرداۋنىڭ 2-يىلى (مىلادى 996-يىلى) سېلىنغان، ئەينى زاماندا بۇ مەسچىتنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە مۆلىك باغلار بولغان، شۇڭا بۇگۈنكى كۈندىمۇ مۆبىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىرمۇنچە كوچىلار بار، مەسىلەن، زاۋلىن كوچىسى (چىلانلىق باغ كوچىسى)، يىڭتاۋيۈەن (گىلاسلىق باغ كوچىسى)، ۋاھاكازا، نيۇجيې دېگەن ئىسىم ليۇجيې (ئانارلىق باغ كوچىسى) دېگەن ئىسىمدىن كەلگەن ئاھاڭداش ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى ئورنى ئانارلىق باغ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىزرەك بولغاچقا، گاڭشاڭ (تۆپىلەڭ) دەپمۇ ئاتالغان. «گاڭشاڭ تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 960-يىلدىن ئىلگىرى، غەۋامىدىن ئىسىملىك بىر ئەرەپ شەيخ بالىسى بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ دىن تارقاتقان. بۇ شەيخنىڭ ئوغلى نەسىردىن پادىشا ئىلتىپات قىلغان ئەمەلنى قەتئىي قوبۇل قىلماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، مەسچىتتە

ئىماملىقنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن ھەمدە بۇ يەردە مەسچىت ياساشنى، يەنى بۇگۈنكى كۈندىكى نيۇجيې مەسچىدىنى ياساشنى پادىشادىن ئۆتۈنۈپ سورىغان. دەسلەپتە بۇ مەسچىتنىڭ كۆلىمى بەك كىچىك بولغان، كېيىن مىڭ سۇلالىسى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە، رېمونت قىلىنىش ۋە كېڭەيتىپ ياسىلىش ئارقىسىدىلا، ئاندىن بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگەن. مىڭ سۇلالىسى چېڭخۇانىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 1474 ـ يىلى) پادىشا ئۇنىڭغا "مەسچىت" دىگەن نامنى تارتۇق قىلغان، چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 35 ـ يىلى (مىلادى 1696 ـ يىلى) رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن، مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا "پادىشا تارتۇق قىلغان مەسچىت" دىگەن تۇغرا بېغىشلىما تاختىسى ئېسىلغان.

بۇ قەدىمي مەسچىتنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 6 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە، جۇڭگونىڭ خان سارايلىرىغا خاس تىپىك شەكىل بىلەن ئەرەپچە شەكىل ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ياغاچ قۇرۇلما ئۇسلۇبىغا قويۇق ئەرەپچە تۈس ئالغان زىننەتلەش ئۇسلۇبى سىڭدۈرۈلۈپ، جۇڭگوچە ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى شەكىللەندۈرۈلگەن.

بۇ مەسچىتتە خانىقا ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، خانقا، ئايۋان ـ پېشايۋانلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىگى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئىمارەتلەر تۈپى شەكىللەندۈرۈلگەن. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى غەرپكە قارىتىلغان، دەرۋازا ئالدىدا بىر چوڭ تام بار، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى راۋاقتا "ئاللاتائالانىڭ ئالدىغا بېرىشنىڭ راۋان يولى" دىگەن ھەل بېرىلگەن خەت يېزىلغان بېغىشلىما تاختىسى ئېسىلغان. دەرۋازىدىن كىرسىڭىز، قاق ئوتتۇرىدا قەد كۆتىرىپ تۇرغان 6 بۇرجەكلىك بىر راۋاق كۆزىڭىزگە چۈشىدۇ، بۇ راۋاق "ئايغا قاراش راۋىغى" دەپ ئاتىلىدۇ. راۋاقنىڭ ئۈستىگە "نيۇجيې مەسچىدى" دىگەن ھەل بېرىلگەن بېغىشلىما تاختىسى ئېسىقلىق (ئەسلىدىكى "پادىشا تارتۇق قىلغان مەسچىت" دىگەن خەتلەر يېزىلغان بېغىشلىما تاختىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن). بۇ مەسچىتنىڭ ناماز ئوقۇلىدىغان سارىيى 42 ئېغىزچە ئۆيدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇ ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك، ئۇ ئۆيلەردە بىرلا ۋاقىتتا مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسچىت خانىقاسى تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان ئۈچ گۈمبەز ۋە ئۇنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان كارىدۇردىن تەركىپ تاپقان، كارىدۇرنىڭ ئۈستىگە ئايەت يېزىلغان 10 كىچىك بېغىشلىما تاختىسى ئېسىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا بىر كەڭ بوشلۇق بار. خانىقانىڭ ئەڭ ئالدى تەرىپىدە 6 بۇرجەكلىك گەمە شەكلىدە ياسالغان ھۇجرا بار. ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە ئويۇلغان نەقىشلەر ۋە سىزىلغان رەسىملەر تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ ئەسلى رەڭگىنى ساقلاپ كەلمەكتە. راۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ مەسچىت سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان چاغدا، گەمە شەكلىدىكى ھۇجرا بىلەن چوڭلۇغى 3 ئېغىز ئۆيدەك كېلىدىغان چاسا شەكىللىك خانىقالا بار ئىكەن. مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادى 1496 ـ يىلى)غا كەلگەندە، شەرقىي تەرەپكە تۇتاشتۇرۇپ خانىقا ياسالغان، ئۇنىڭ 2 تەرىپىگە تۇتاشتۇرۇپ ئايلانما كارىدۇر ياسالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىغا

كەلگەندە، يەنە ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ 3 ئېغىز ھوجرا ياسالغان، شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە قېتىم كېڭەيتىپ سېلىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى ھالەت بارلىققا كەلگەن. گەمە شەكلىدىكى ھوجرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئايەتلەر يېزىلغان دەرىزىلەر بار، خانىقانىڭ ئالدىدىكى ئىككى قاسناقتا 4 يۇملاق بېغىشلىما تاختىسى ئېسىلغان، خانىقانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بولسا سېرىق ھەل بېرىلگەن بېغىشلىما تاختىسى ئېسىلغان، خانىقا ئىچىدە يەنە 18 غول تۈۋرۈك، 21 ئەگمە ئىشىك بار، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەرەپچە يېزىق بىلەن چىرايلىق قىلىپ ئايەتلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان مەدھىيە سۆزلىرى يېزىلغان. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە نىلۇپەر گۈلىنىڭ نەقشى چۈشۈرۈلگەن، نەقىشنىڭ ئاستى قىزىل، ئۈستىگە ھەل بېرىلگەن بولۇپ، ناھايىتى نەپىس ۋە كۆركەم ئىشلەنگەن، ئۇ نەقىشلەر پۈتۈنلەي ئەسلىدىكى نۇسخىسى بويىچە يېڭىدىن سىرلانغاندىن كېيىن، خانىقانىڭ ئىچى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك كۆركەم، ھەشەمەتلىك ھەم سۈرلۈك تۈسكە كىردى. خانىقانىڭ تورۇسىغا مەدھىيە سۆزلىرى ۋە ئاللانىڭ ئىسمى يېزىلغان، خانىقانىڭ ئىچىگە رەتلىك ئاق جەينامازلار سېلىنغان.


خانىقانىڭ ئالدىدا، ئىككى تەرەپتە ئىككى ئابدەستخانا بار، شىپاڭ ئىچىگە ئابدەستخانا خەتلىرى يېزىلغان، بۇ، مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 9-يىلى نيۇجيې مەسچىتىدىن قايتىدىن رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خەنزۇچە ۋە پارسچە يېزىقلار بىلەن، بۇ مەسچىتنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن، ئەمما، ھازىر خەتلىرى ئۆچۈپ كېتىپ، ئوچۇق كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان. خانىقانىڭ ئىككى يېنىدا دەرس ئۆتىدىغان ۋە ئۆگىنىش قىلىدىغان دەرسخانە بار، شىمال تەرەپتىكى دەرسخانىدا، ھازىرمۇ ئايەتلەر يېزىلغان قەدىمىي فار-فورلار، ھەر خىل قوليازمىلار ۋە باسما دىنىي كىتابلار ساقلانماقتا. خانىقانىڭ دەل شەرقىدە ئەزان ئېيتىدىغان مۇنار بار؛ ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئادەتتە يەتتە ئېغىز ئۆي دەپ ئاتىلىدىغان، مۇسۇلمانلار جەم بولىدىغان بىر ساراي بار. خانىقانىڭ جەنۇبىدا يەنە كەڭ-كۇشادە سېلىنغان، ئەر ۋە ئاياللار تەرەت ئالىدىغان جاي بار. ئەرلەر تەرەت ئالىدىغان جاينىڭ ئىشىگى ئۈستىگە "پاكىزلىك ھوجرىسى" دېگەن خەت يېزىلغان. ئۇ كىشلەرنى ئۆز تېنىنى پاكىز تۇتۇپلا قالماي، ھەر خىل يامان غەرەزلەردىن خالاس بولۇپ، قەلبىنى پاكىز تۇتۇشقىمۇ دەۋەت قىلىدۇ.

مەسچىتنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى ھويلىدا ئىككى شەيخ قەۋرىسى بار، بۇ قەۋرىلەر يىراقتىن جۇڭگوغا دىن تارقاتقىلى كېلىپ، مۇشۇ مەسچىتتە ۋاپات بولغان ئىككى شەيخنىڭ قەۋرىسىدۇر. ئۇلارنىڭ بىرى گازىنلىق ئەخمەت بورتانى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 679-يىلى يەنى مىلادى 1280-يىلى ۋاپات بولغان. يەنە بىرى، بۇخارالىق ئىمادۇندىنى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 682-يىلى يەنى مىلادى 1283-يىلى ۋاپات بولغان. بۇ ئىككى قەۋرە ئۈستىدىكى ئەرەپچە يېزىلغان ئابىدە يېزىقلىرىمۇ تا بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىنمەكتە، قەۋرىدىكى ئابىدە يېزىقلىرى ئوچۇق ھەم سىلىق يېزىلغان بولۇپ، ئۇ مەملىكەت ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان مەدىنىي يادىكارلىقلارنىڭ بىرىسى ھېساپلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، مەسچىتنىڭ ئىچىدە كاڭشىنىڭ 33-يىلى يەنى مىلادى 1694-يىلى

چۈشۈرۈلگەن بىر "خان ئەمرى" بېغىشلىما تاختىسى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رامزان ئېيدا، نيۇجيې مەسچىتىدە ھەر كۈنى كېچىسى چىراقلار يېقىقلىق تۇرىدىكەن، مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن، بۇنى كۆرگەن بىرى پادىشاغا: "خۇيزۇلار كېچىلەردە يىغىلىپ، كۈندۈزى تارقىلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈشنى پىلانلاۋاتىدۇ" دەپ مەخپى دوكلات قىپتۇ، پادىشا ھەقىقى ئەھۋالنى ئۇقۇش ئۈچۈن، ئۆزى ئاددى پۇقراچە ياسىنىپ مەسچىتكە كىرىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خۇيزۇلارنىڭ ئاللا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقى، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلاردا قىلچىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈش نىيىتى يوقلۇغىنى ئېنىقلاپ چىقىپتۇ-دە، "ھەرقايسى ئۆلكىلەر خەۋەر-دار بولۇپ قالسۇنكى، ئەمەلدار ۋە پۇقرالار ئىچىدە كىمىكى يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، خۇيزۇلار ئىسيان كۆتۈرىدۇ دەپ بوھتان چاپلايدىكەن، شۇ ئۆلتۈرۈلۈپ ماڭا مەلۇم قىلىنسۇن، خۇيزۇلارمۇ ئۆزلىرى ئىسلام ئەقىدىلىرىدە چىڭ تۇرسۇن، ئەمرگە خىلاپلىق قىلمىسۇن" دېگەن پەرماننى چۈشۈرۈپتۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى 1955-يىلى پۇل ئاجرىتىپ نيۇجيې مەسچىتىنى رېمونت قىلدۇردى. بىراق، 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا، بۇ مەسچىت ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، 10 يىلغىچە مۇسۇلمانلارغا ئېچىپ بېرىلمىدى. 1979-يىل 9-ئايدا، ھۆكۈمىتىمىز نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان جاي بولغان بۇ قەدىمي مەسچىتكە كۆپ پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۇنى ئومۇمى يۈزلۈك رېمونت قىلدۇردى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئۆي-ئىمارەت ياساش-رېمونت قىلىش 2-شىركىتىنىڭ قەدىمقى ئىمارەتلەر دۈينىڭ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كۆڭۈل قويۇپ رېمونت قىلىشى ئارقىسىدا، بۇ مەسچىت پۈتۈنلەي يېپ-يېڭى تۈسكە كىردى. بۇ، "4



نيۇجيې مەسچىتىنىڭ جەنۇبىي ھويلىسىدىكى شەيخ قەۋرىسى (ئاخون ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى ئۆمىگىدىكىلەرگە قەۋرە ئۈستىدىكى ئابىدە يېزىقلىرىنى تونۇشتۇرماقتا)

كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنىڭ جانلىق ئىپادىسى بولۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. نۇرغۇنلىغان ئەر ۋە ئايال مۇسۇلمانلار تەسىرلەنگەن ھالدا: ”دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى تېخى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتسىمۇ، ھۆكۈمىتىمىز يەنىلا 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئاجرىتىپ، بىزگە مەسچىتنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى، بۇ، نىمىدىگەن كىشىنى خوشاللاندۇرىدىغان ۋە ھەشقەللا-رەخمەت ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش-ھە“ دېيىشتى. بىرمۇنچە كىشىلەر مەسچىتنىڭ شۇنچە ھەشەمەتلىك-كۆركەم قىلىپ ياسالغانلىقىنى كۆرۈپ، تەسىرلەنگىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: ”ھەقىقەتەن ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىش بولدى-دە، ‘4 كىشىلىك گۇرۇھ’ تارمار قىلىنمىغان بولسا، بۇنداق كۈن بىزگە نەدىتتى!“ دىدى. كۆپچىلىك بىردەك ھالدا: چوقۇم ئۆز پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆز خىزمەت ئورنىدا ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپرەك ھەسسە قوشۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىمىز، دېيىشتى.

بىرمۇنچە چەتئەللىك مۇسۇلمان دوستلار ۋە شياڭگاڭ-ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار مەسچىتكە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلغان، سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ۋە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، مەسچىتنىڭ ئۆزلىرىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى ئېيتىشتى. بىر پەلەستىنلىك مۇتەخەسسىس مۇنداق دىدى: ”بۈگۈن بۇ يەردە ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىچىكىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم؛ مەسچىتنىڭ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلىرىنى كۆرۈپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئىسلام دىنى چىرىغىنىڭ جۇڭگودا ئۈچۈپ قالمىغانلىقىنى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم.“ سۇداننىڭ باش ئەلچىسى ماتېر مۇنداق دىدى: ”نيۇجيې مەسچىدى خەلقارادا يۇقۇرى ئابرويغا ئىگە، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بۇ مەسچىتنى بىلىدۇ، بۈگۈن مەن بۇ مەسچىتنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغانلىقىم ئۈچۈن، بەك تەسىرلەندىم ۋە تاھايىتى خوشال بولدۇم.“ بەزى شياڭگاڭ-ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار: ”نيۇجيې مەسچىدى كارامەت ياسىلىپتۇ! چەتئەلدىمۇ مۇنداق مەسچىت ئاز ئۇچرايدۇ“ دىدى.

قىسقىسى، نيۇجيې مەسچىدىنىڭ رېمونت قىلىنغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېچىپ بېرىلگەنلىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشۇش ئىرادىسىگە زور دەرىجىدە ئىلھام بېرىپلا قالماستىن، ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئۆزئارا چۈشەنچىنىمۇ كۈچەيتتى. مۇسۇلمانلار بىردەك ھالدا مۇنداق ئىپادە بىلدۈرۈشتى: دىنىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ۋەتەننى سۆيۈش لازىم، ئىچ-ئىناق بولۇشنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيەتىنى قوغداش كېرەك، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەت ۋە ئەمىر-پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە، ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن، تەيۋەننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تېچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش كېرەك.

(نيۇجيې مەسچىدىنىڭ ئاخۇنى شى كۈنبىن)

# ئىسلام دىنىنىڭ نىكا توغرىسىدىكى ئەهكاملىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش

لى فۇخې

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ نىكا قانۇنى» ئېلان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن، نىكا مەسىلىسىدە، ئەر بىلەن ئايال هوقۇقتا باراۋەر بولىدىغان، نىكا ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان يېڭى نىكا تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا "نىكا، ئائىلە، ئانا ۋە بالىلار دۆلەتنىڭ مۇهاپىزىتىدە بولىدۇ" ۋە "نىكا ئەركىنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ" دېگەن ماددىلار ئېنىق بەلگىلىنىپ، ئاياللارنىڭ نىكا جەهەتتىكى تۈپ هوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. يېڭى نىكا تۈزۈمى هەرمىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي هىمايىسىگە ۋە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىغا ئېرىشتى.

ئىسلام دىنىنىڭ نىكا توغرىسىدىكى ئەهكاملىرىنىڭ بىرمۇنچە تەرەپلىرى بولسا مەملىكىتىمىزنىڭ نىكا قانۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەن بۇ ماقالامدا ئىسلام دىنىنىڭ نىكا توغرىسىدىكى ئەهكاملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ، هەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ نىكا توغرىسىدىكى ئەهكاملارنى چۈشىنىشىگە پايدىلىق بولۇشى، بىزنى مەملىكىتىمىزنىڭ نىكاغا ئائىت قانۇن-پەرمان ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن،

ئىسلام دىنىنىڭ نىكا توغرىسىدىكى ئەهكاملىرى قۇرئان ۋە هەدىسنىڭ روهىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن. تارىخىي دەۋر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى دۇنيا بويىچە هەممىدىن بۇرۇنقى نىكا قانۇنلىرىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ شۇ چاغدا مەلۇم ئەهمىيەتكە ئىگە ئىدى، هازىرمۇ شۇنداق. قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەرەب جەمىيىتى نادانلىق، زۇلمەتلىك ۋە ياۋايىلىق هالىتىدىكى جەمىيەت ئىدى. ئاياللار بولسا بۇ جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىكا ئىشلىرىغا ئىگە بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك هوقۇقىغىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى؛ ئۇلار تاۋار قاتارىدا ئالدى-ساتتى قىلىنىپلا قالماستىن، هەتتا مىراس تەرىقىسىدە ئۇنىڭدىن بۇنىڭغىمۇ قالاتتى. نۇرغۇن قىز بالىلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا كۆمۈپ تاشلىنىغان ئىدى. قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى بىلەن، ئاياللار نىكا ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇش هوقۇقىغا ۋە ئىنسانى هوقۇققا ئىگە بولدى. دەۋر بۆلگۈچ ئەهمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەنە شۇنىڭ

بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن نىكا توغرىسىدىكى ئەھكاملىرى ئەينى ۋاقىتتا تەڭداشسىز ئىدى.

ئىسلام دىنى نىكا ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى نىكا ئادەتتىكى قائىدە-يوسۇن. شەرىئەتنىڭ قارىشى بويىچە، نىكالىنىش نىكالىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم ئۈچۈن ۋاجىپ، نىكالىنىشقا قىزىقمايدىغان ئادەم ئۈچۈن مۇستەھەپ، نىكالىنىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم (جىنسىي ئىقتىدارى يوق، كەمبەغەللىكتىن ئۇنىڭغا قادىر بولالمايدىغان) ئادەم ئۈچۈن مەكرۇھ.

ئىسلام دىنىدا نىكا ئىشلىرى ئەھكاملار قاتارىدا بەلگىلەنگەن ۋە ئۇ "قاتتىق ۋەدە" دەپ ئاتالغان. قۇرئان كەرىمدە: "ئۇلار (ئاياللار) سىلەردىن قاتتىق ۋەدە ئالغاندۇر" (4 - سۈرە، 21 - ئايەت) دېيىلگەن. ئىسلام ئەھكامىدا نىكالاشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىر بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، بىر بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان، دۇنيادىن ئۆتكىچە بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئىشەنچنى چىن كۆڭلىدىن تۇرغۇزۇشى لازىملىغى تەكىتلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئاللانىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ سىلەرنىڭ مايىل بولۇشۇڭلار، بىر بىرىڭلارغا مۇھەببەت باغلىشىڭلار ۋە مېھرىۋانلىق كۆرسىتىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئۆز خىلىڭلاردىن بولغان خوتۇنلارنى ياراتتى." (30 - سۈرە، 21 - ئايەت) شەرىئەتتە قارشى تەرەپنى ئەخمەق ئېتىدىغان ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى نىكا چەكلەنگەن. شەرىئەتتە نىكالىنىش ئۈچۈن مۇنۇ تۆت شەرتنى ھازىرلاش لازىم دەپ بەلگىلەنگەن:

بىرىنچى، ئايال رازىلىق بېرىشى لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ ئايالنىڭ رازىلىق بېرىشى (خالىشى)نى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدۇر. ئاياللار ئائىلىدە كۆپىنچە بوي سۇنغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلار جىسمانى ۋە ئىقتىسادىي ئورنى جەھەتتە ئەرلەردىن ئاجىز بولىدۇ، ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن مەجبۇرى نىكادا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار بولغان. مانا بۇنىڭدىن ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىدا ئاياللارنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛

ئىككىنچى، ئەر قوبۇل قىلىشى يەنى ئايالنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. يۇقۇرىدىكىلەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىمەنلىك بىلەن ئەر-خوتۇن بولۇشىنىڭ شەرتى بولۇپ، ئۇ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن نىكا ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ؛

ئۈچىنچى، ئادىل ئەر كىشىدىن ئىككىسى ياكى ئۈچى گۇۋا بولۇشى لازىم. بۇ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى نىكا توختىمىنىڭ قانۇنىي بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتۇر؛ گۇۋا بولغۇچىلار نىكالانغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ نىكالىنىشىنىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. فىقھەدە نىكالانغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ قازى ئالدىغا بېرىپ نىكا ئوقۇتۇشىنىڭ تەكىتلىنىشى نىكانىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتۇر؛

تۆتىنچى، ئەر تەرەپ ئۆزىنىڭ ئايالغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئايال تەرەپكە تويلۇق بېرىشى لازىم. تويلۇق ئەر تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، ئىختىيارىي ھالدا بېرىلىشى، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى بىر تەڭگىدىن ئاز بولماسلىقى لازىم. تويلۇقنى ئەر تەرەپ چوقۇم بېرىشى كېرەك، لېكىن ئايال تەرەپ ئۇنى ئالمايمەن دېسىمۇ

مەيلى. بىراق شەرىئەتتە نىكا بانىسى بىلەن پۇل-مال يۇلۇۋېلىشقا ۋە نىكا سودىسى قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

ئىسلام ئەھكامى بويىچە، نىكاسىز بىرگە بولۇۋالغانلارغا بېرىلىدىغان جازا ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. قۇرئان كېرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "زىنا قىلغۇچى خوتۇن ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرسىگە يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەر ئاللاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئاللانىڭ جازاسىنى يەڭگىللىتىپ قويماڭلار. ئۇلارنىڭ جازاغا تارتىلىشىغا مۇسۇلمانلاردىن بىر توپ كىشى نازارەت قىلسۇن." (24-سۈرە، 2-ئايەت) شەرىئەت بويىچە، خوتۇنى بار ئەر ۋە ئېرى بار خوتۇن ساداقەتسىزلىك قىلسا، پاھىشە جىنايىتى ھېساپلىنىپ، چالماكېسەك قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش شۇ چاغلاردا نىكا ئەخلاقىنى مۇھاپىزەت قىلىش، جەمئىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش، خەلقنىڭ جىسمانى ۋە روھىي سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنى توسۇش جەھەتلەردە ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، توي قىلىشقا كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئەر توي قىلىشتىن يېنىۋالسا، ئۇ تويلۇقنىڭ يېرىمىنى ئايالغا بېرىشى كېرەك، ئەگەر ئايال يېنىۋالسا، ئالغان تويلۇقنى ياندۇرۇپ بەرسىلا بولىدۇ. توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر بىر بىرىگە كۆڭلى چۈشمەي قالسا، شەرىئەت ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ، لېكىن ئەر-خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسىدىن بىر بىرى ئۈچۈن زىممىسىگە ئالغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەر-خوتۇنلۇق مۇھەببەتكە خالىغانچە زىيان يەتكۈزۈشكە يول قويمايدۇ. ئەگەر ئەر ئۆز خوتۇنىنى قويۇپ بېرىشنى ئۈچ قېتىم ئېيتسا ياكى قويۇپ بېرىشكە ئىما-ئىشارەت قىلسا، "قويۇپ بەردىم" دەپ راست ياكى چاقچاق قىلىپ دېسە، ئۇ ھالدا خوتۇن ئۇنىڭ ئەمرىدىن چىقىپ تالاق بولۇپ كېتىدۇ؛ ئەگەر ئايال شۇنداق قىلسا، ئۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ، سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. بۇ-شەرىئەتنىڭ ئەرگە قويغان قاتتىق تەلىۋى ۋە ئايالنىڭ ئىنسانلىق شەنىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كونكرېت تەدبىرى. توي قىلغاندا ئاياللارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى ئەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەر تەرەپ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە بۇ ئادەتتىكى قائىدە-يوسۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن ۋە بىر تۇققانلىرىدىن ئايرىلىشنىڭ دەردىنى تارتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايال ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، ئەردىن خەۋەر ئېلىش، بالا بېقىش ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالغان بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئۆز خوتۇنىغا كۆيۈنۈشى لازىم. ئەگەر ئەر ئاجرىشىپ كېتىشنى بىلدۈرىدىغان سۆز-ھەركەتتە بولسا، بۇ ئاگاھسىز ھالدا ئايالغا روھىي جەھەتتىن بېسىم ئىشلەتكەنلىك، ئايالنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىناۋىتىگە تەككەنلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللارنىڭ كۆڭلى نازۇك بولغاچقا، بۇنى كۆپ چاغلاردا كۆتۈرەلمەيدۇ. شەرىئەتنىڭ قارىشىچە، يۇقۇرقىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئۇلارنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن بولىدۇ، ئايال ئۇ ئەرنىڭ خوتۇنى بولماي قالىدۇ ۋە باشقا كىشىگە تېگىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئۆزى ئەرگە بېرىلگەن جازا ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ئۆز جۈپتىدىن ئايرىلغانلىقى ۋە مال-مۈلكىگە زىيان يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، مۇشۇنداق ئەمرىدىن چىقىپ كەتكەن ئايال ئەپۇ قىلسا، ئەر ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالسا

بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۇلارنى ئېلىپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇلار (ئەرلەر) يارىشىشنى خالىسا." (2 ـ سۈرە، 228 ـ ئايەت) لېكىن بۇنداق ئىش ئىككى قېتىم بولسىلا بولىدۇ، ئىككى قېتىمدىن ئېشىپ كەتسە ياكى بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ قېتىم "قويۇپ بەردىم" دېسە، خوتۇن "ئۈچ تالاق" بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر يارىشىۋالماقچى بولۇشسا، ئايال باشقا بىر كىشىگە تېگىپ، ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ يارىشىشىغا ئىجازەت بېرىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ياراشقاندىن كېيىن ئىناق ئۆتۈشى ۋە بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشى شەرت قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەگەر ئۇ ئۆز خوتۇنىنى (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلىۋەتسە، ئۇ خوتۇن باشقا بىر ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا هالال بولمايدۇ. ئەگەر كېيىنكى ئېرى ئۇنى قويۇپ بەرسە، ئاندىن ئۇ ئىلگەرىكى ئېرى بىلەن ياراشسا، ئۇ هالدا بۇ ئەر-خوتۇنغا هېچ گۇنا كەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ هۆكۈملىرىنى بىجا كەلتۈرۈشكە كۆزى يەتسە." (2-سۈرە، 230-ئايەت) مانا بۇ ئەرلەرنى قاتتىق تىزگىنلەپ تۇرىدىغان تەدبىر بولۇپ هېساپلىنىدۇ. هەممىگە مەلۇمكى، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت باشقىلارنى قاتتىق چەتكە قاقىدىغان مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. شەرىئەتنىڭ نىكادىن ئاجرىشىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىدە ئايالنىڭ هوقۇق ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش ئاساس قىلىنغان. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "تالاق ئىككى قېتىم بولسا بولىدۇ، كېيىن (خوتۇنى) ياخشىلىقچە نىكادا ساقلاپ قېلىش ياكى خوش قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇش كېرەك. سىلەر ئۇلارغا بەرگەن نەرسەڭلارنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالساڭلار بولمايدۇ." (2 ـ سۈرە، 229 ـ ئايەت) "ئەگەر سىلەر خوتۇنلارنى تالاق قىلساڭلار، ئىددەتلىرى توشقاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز ئەرلىرىنىڭ نىكاهىغا ئۆتمەكچى بولسا، سىلەر توسقۇنلۇق قىلماڭلار." (2 ـ سۈرە، 232 ـ ئايەت) "تالاق قىلىنغان خوتۇنلارغا قائىدىگە مۇۋاپىق خىراجەت بېرىش لازىم. بۇ پەرھىزكارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر." (2-سۈرە، 241-ئايەت) "سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ ئىقتىدارىڭغا قاراپ، ئۇلار (خوتۇنلار)غا ئۆزەڭلارنىڭ تۇرغان يېرىڭدىن ئۆي بېرىڭلار، ئۇلارغا ئازار بەرمەڭلار ۋە ئۇلارنى تەڭقىسلىقتا قويماڭلار. ئەگەر ئۇلار هامىلدار بولسا، ئۇلار يەڭگىگىچە نەپىقە بېرىپ تۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالا) ئېمىتسە، ئۇلارغا هەق بېرىڭلار، ئۇلار بىلەن قائىدىگە مۇۋاپىق هالدا مەسلىهەتلىشىڭلار." (65 ـ سۈرە، 6 ـ ئايەت) ئايالنىڭ ئەرگە كۆڭلى چۈشمىسە، ئۇ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭ دىگىنى دەرهال ئەمەلگە ئاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قازىغا ۋە باشلىقلارغا ئەرز سۇنغاندىن كېيىن، كۆرسەتكەن سەۋەپلىرى ئاساسلىق بولسا، ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئايال ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغاندا بۇ ئىشنىڭ قازى ۋە باشلىقلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشى لازىملىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئايال ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، كۆپ چاغلاردا، ئەر بىلەن تەڭ كېلەلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ئۇنىڭغا كۈچلۈك مەدەت بېرىشى كېرەك. ئۇنداق بولغاندا، ئايالنىڭ ئاجرىشىش توغرىسىدا كۆرسەتكەن سەۋەپلىرىنىڭ تولۇق بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشكىمۇ ئوڭاي بولىدۇ. بۇنىڭدىن شەرىئەتنىڭ نىكادىن ئاجرىشىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنىڭ ئادىل ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، شەرىئەتتە تۇل ئايالنىڭ يەنە ئەرگە تېگىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئۇنى توسۇشقا ۋە ئۇنىڭغا

ئارىلىششقا يول قويۇلمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "سىلەردىن بەزىلەر خوتۇنلىرىنى قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ، بۇ خوتۇنلار تۆت ئاي ئون كۈن كۈتىدۇ؛ ئىددىتى توشقاندا، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈستىدە قائىدىگە مۇۋاپىق ئىش قىلسا، سىلەرگە ھېچ گۇنا كەلمەيدۇ. ئاللا سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ." (2-سۈرە، 234-ئايەت) "سىلەر نىكاھلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان خوتۇنلارغا ئۆزەڭلارنىڭ نىكاھلىنىش تەلىۋىنى ئىما-ئىشارە بىلەن بىلدۈرسەڭلار ياكى (بۇ مۇددىئانى) ئىچىڭلاردا ساقلىساڭلار، سىلەرگە گۇنا بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ئۇلارغا نىكاھلىنىش تەلىۋىنى قويىدىغانلىقىڭلارنى ئاللا بىلىدۇ، لېكىن نىكاھلىنىش توغرىلىق ئۇلار بىلەن مەخپىي ھالدا كېلىشىۋالماڭلار، پەقەتلا ئەقىلگە مۇۋاپىق گەپلەرنى قىلساڭلار بولىدۇ؛ ئىددىتى توشمىغىچە نىكاھ توختىمى تۈزمەڭلار. سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلاردا نېمە بارلىقىنى ئاللا بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىڭلار؛ بىلىڭلاركى، ئاللاتائالا مەغپىرەتلىك ۋە سەۋرىلىكتۇر." (2-سۈرە، 235-ئايەت)

مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىگە كەلسەك، بۇنىڭدا سەۋەپ بار ئىدى: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇرسەدنى مەككىگە ئەۋەتكەندە، ئۇ يەرلىك ناھايىتى چىرايلىق ۋە مەرتىۋىلىك بىر ئايال ئۇنىڭغا تېگىشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلغان، بۇ ئايال ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمايدىغان بولغاچقا ئۇ ئىككىلىنىپ قالغان، لېكىن ئۇ بۇ ئايالنىڭ ھۆسنى ۋە مەرتىۋىسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، ئاخىردا ئۇنىڭغا مەدىنىگە قايتىپ بېرىپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن بىر يەرگە كېلىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن. مۇرسەد مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان ۋە ئۇ ئايال بىلەن نىكاھلىنىشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەن: "مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە سىلەر ئۇلارنى نىكايىڭلارغا ئالماڭلار. مۇشرىك ئايال سىلەرگە ياخشى كۆرۈنسىمۇ، مۇسۇلمان چۆرە ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۆزەڭلارنىڭ قىزىنى ئۇلارغا بەرمەڭلار. مۇشرىك ئەر سىلەرگە ياخشى كۆرۈنسىمۇ، مۇسۇلمان قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئۇلار (مۇشرىكلەر) سىلەرنى دوزاققا چاقىرىدۇ، ئاللا بولسا سىلەرنى جەننەتكە ۋە مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆز تونۇشىنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئالامەتلىرىنى روشەن بايان قىلىدۇ." (2-سۈرە، 221-ئايەت)

ئەر-خوتۇن تۇرمۇشتا بىر بىرىگە ئۆمۈرلۈك ھەمرا ھېساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرى، مىجەزى، تۇرمۇش ئادىتى ئوخشاش بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار بىر بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ ۋە كۆيۈنۈپ، ئىناق ۋە بەختىيار ئائىلە قۇرالايدۇ. ئەگەر ئېتىقادى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە ھەۋىسى بىر بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىككەيلەن بىر دەملىك ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ ئەر-خوتۇن بولۇۋالسا، ئۇلارنىڭ ئوي-پىكىرلىرىدە بىرلىك بولمىغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، تۈرلۈك زىددىيەتلەر كەينى-كەينىدىن يۈز بېرىدۇدە، مۇقەررەر سۈرەتتە، تالاش-تارتىش قىلىپ، بىر بىرىدىن خۇدۇكسىنىپ، كۈنبويى غەم-ئەندىشىدە ئۆتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، بۇ ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، يا ھەركىم ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ، بىر بىرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدىغان، يا

بولمىسا، بىرسى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ يەنە بىر-سىنى باسىدىغان، يەنە بىرسى بولسا مادارا قىلىشتىن باشقا ئامال قىلالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويى سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولۇپ يۈرىدىغان ھالەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بىر بىرىنى ئارتۇقچە يۈك ھىساپلاپ، ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ-دە، ئۆمۈرۋايەت پۇشايمانغا قېلىپ، بەختلىك تۇر-مۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولماي قالىدۇ. دۇنيا-دىكى سانسىزلىغان ئائىلىۋى پاجىئەلەر ئەر-خوتۇننىڭ ئوي-پىكرى ۋە خاھىشىنىڭ ئوخ-شاش بولمىغانلىقىدىن يۈز بەرگەن. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، قۇرئاندا ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنماسلىقى نىكالانغۇچىلارنىڭ بىر بىرىگە كۆڭلى چۈشكەن، مەجەزى ئوخشىشىدى-غان ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشىگە قىلىنىغان غەمخورلۇقتۇر، شۇنىڭدەك ئوي-پىكرى بىر يەردىن چىقمىغانلارنىڭ ئەر-خوتۇن بولۇپ قېلىپ، باش ئاغرىقى تېپىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆرۈلگەن تەدبىردۇر.

ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىدا بىۋاستە تۇققان-لارنىڭ ئۆزئارا نىكاللىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ. قۇرئان كېرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "سىلەرگە ئاناڭلارنى، قىزىڭلارنى، ئاچا-سىڭىلىڭلارنى، ھاماڭلار ۋە كىچىك ئاپاڭلارنى، ئاكا-ئۇكاڭ-لارنىڭ قىزلىرىنى، ئاچا-سىڭىلىڭلارنىڭ قىزلى-رىنى، ئىنىكئاناڭلارنى، ئېمىلداش ئاچا-سىڭىل-لىرىڭلارنى، قەيىنى ئاناڭلارنى، ئۆزەڭلار ئالغان خوتۇنلارنىڭ ئۆزەڭلار بېقىۋاتقان قىزلىرىنى، ......ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان ئوغلۇڭلارنىڭ خوتۇنلىرىنى ئېلىش، ئىككى ئاچا-سىڭىلنى بىر ۋاقىتتا ئېلىش ھارام قىلىن-دى." (4-سۈرە، 23-ئايەت)

ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىدا، ئەر بىلەن خوتۇن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ھەمرالار ھىساپلىنىدۇ، ئائىلىنى تۇغۇت قورالى قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇلىدۇ. قۇرئان كېرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ھوقۇقى ئاللاغىلا خاستۇر. ئۇ نىمىنى يارىتىشنى خالىسا، شۇنى يارىتىدۇ؛ خالىغان بەندىسىگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ؛ ياكى ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى تەڭ ئاتا قىلىدۇ؛ خالىغان بەندىسىنى بالىسىز قالدۇ-رىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە قادىردۇر." (42-سۈرە، 49—50-ئايەتلەر)

ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىدا، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىغا سوغاقچىلىق چۈشكەندە ئۇلارنى پائال سۈرەتتە ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا ئېتىۋار بېرىلىدۇ. قۇرئان كېرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەگەر سىلەر ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىناق-سىزلىق پەيدا بولۇشىدىن قورقساڭلار، ئەر تەرەپنىڭ تۇققانلىرى بىلەن خوتۇن تەرەپنىڭ تۇققانلىرى ئارىسىدىن بىردىن ئادىل كىشىنى كۆرسىتىڭلار. ئەگەر بۇ ئىككەيلەن ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى خالىسا، ئاللا بۇ ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق پەيدا قىلىدۇ. ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممى-دىن خەۋەرداردۇر." (4-سۈرە، 35-ئايەت)

ئىسلام دىنىدا كۆپ خوتۇنلۇققا يول قويۇ-لىدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ مەلۇم شارائىت ئاستىدا بولغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى قۇللۇق جەمئىيەت بىلەن فېئودالىلىق جەمئىيەتتە ئۆتكەن ھۆكۈم-رانلار سىنىپىدىكىلەرنىڭ ۋە بايلارنىڭ چوڭ-كىچىك خوتۇنلىرى بىر تالاي ئىدى. شۇڭا، ئىسلام دىنىدا، ھەرقانداق كىشىنىڭ تۆتتىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلىنىشى ئەينى زاماندا مەلۇم ئىلغار

# ”جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر“

ليۇ جېن

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئاۋۋالقى ئەرەب جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى، نىكا ئىشلىرىدا ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايتتى. ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئەرنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايتتى، ھەتتا ئىنسانىي ئەركىنلىككىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. ئەرلەر ئورۇش قىلىش بىلەنلا بولاتتى، ئوتۇن يېرىش، قۇدۇقتىن سۇ تارتىش، سۈت سېغىش، مال بېقىش، قاشا سېلىش، كىيىم-كېچەك تىكىشكە ئوخشاش ئائىلىۋى ئىشلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى كۆپىنچە ئاياللارغا قالاتتى. شۇ چاغدا ئومۇملاشقان ئەسكى بىر ئادەت بويىچە، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇن مىراسقا ئوخشاش دائىم ئۇنداق ياكى بۇنداق بىر تەرەپ قىلىناتتى. مەسىلەن، ئەرنىڭ يېقىن تۇغقىنى ياكى يەنە بىر خوتۇندىن بولغان ئوغلى قولىغا چىققان بىر پارچە رەختنى ئۇ خوتۇننىڭ بېشىغا ئارتىپ قويسا، ئۇ شۇ خوتۇننى ئېرى-بېرى قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولاتتى، ياكى ھېچقانداق تويلۇق بەرمەيلا ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋالاتتى، ياكى ئۇنى ئەرگە بېرىۋېتەتتى-دە، ئۇنىڭ ئۆلگەن ئېرىدىن ئالغان تويلۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولاتتى. ئەگەر ئۇنى ئەمرىگىمۇ ئالمىسا، ئەرگىمۇ بەرمىسە، سولاپ قويۇپ خارلايتتى، ئۆلگەن ئېرى بەرگەن تويلۇقنى بېرىپ، ئۆزىنىڭ ”ئەركىن“لىكىنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

ئاياللارنى كەمسىتىش ۋە خارلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ چاغدىكى ئەرەبلەر قىز بالىلارنى بەكمۇ يامان كۆرەتتى، بولۇپمۇ قىز بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن شەرىئەتتە ۋە تەپسىردە بىر ئەرنىڭ بىر خوتۇن ئېلىشى تەكىتلىنىدۇ، قۇرئان كەرىمدىمۇ مۇشۇنداق مەزمۇن بار: ”ئەگەر ئۇلارغا (بىرقانچە خوتۇنغا) ئادىل مۇئامىلە قىلالماسلىقتىن قورقساڭلار، ئۇ ھالدا، سىلەر بىر خوتۇن ئالساڭلار بولىدۇ.“ (4-سۈرە، 3-ئايەت) قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتىلغان: ”سىلەر كۆڭۈللۇڭلاردا ئادىللىق قىلىشنى خالىساڭلارمۇ، لېكىن خوتۇنلىرىڭلارغا ئوپمۇ-ئوخشاش مۇئامىلە قىلالمايسىلەر.“ (4-سۈرە، 129-ئايەت) بۇلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئەرنىڭ بىر خوتۇن ئېلىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇنى ناھايىتى تەكىتلەيدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆگىنىش ئۆتكەن، ئىسلام دىنى ئەھكاملىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ۋە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ۋە نىكا مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدا پايدىلانسا بولىدۇ.

ئېغىر ئىدى. قۇرئاندا ئۇلارنىڭ قىز بوۋاقلارغا رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان چاغدىكى رەزىل روھىي ھالىتىنى سۈرەتلەپ مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇلاردىن بىرسى ئۆز خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىقىنى ئاڭلىغاندا، رەڭگى-رويى تاتىرىپ، قاتتىق نارازى بولىدۇ؛ ئۇ بۇ يامان خەۋەر تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ قەۋمىدىكىلەردىن يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، ئار-نومۇسقا چىداپ بولسىمۇ ئۇنى ساقلاپ قالامدۇ، ياكى تىرىك پېتى يەرگە كۆمۈپ تاشلامدۇ، دەپ كۆپ باش قاتۇرىدۇ، ھەقىقەتەن، ئۇلارنىڭ ھۆكمى بەك قەبىھ." (16-سۈرە، 58 — 59-ئايەت)

ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قۇرئاندا كىشىلەرگە مۇنداق دەپ جاكالانغان: "ئاياللار مۇۋاپىق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى، ھەم مۇۋاپىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك." (2-سۈرە، 228-ئايەت) يەنە مۇنداق دېيىلگەن: "مۆمىن ئەرلەر بىلەن مۆمىن ئاياللار بىر بىرىگە مەدەتكار بولىدۇ، ئۇلار ياخشى ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، يامان ئىشتىن ساقلىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكاتلىرىنى بېرىدۇ، ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاللا رەھمى قىلىدۇ، ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىردۇر، ھەقىقەتەن داناDUR." (9-سۈرە، 71-ئايەت) "ئەر-ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، شۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ." (4-سۈرە، 124-ئايەت) شۇنداق قىلىپ، قۇرئان ئەرەپلەرنىڭ نادانلىق دەۋرىدىكى ئاياللارنى كەمسىتىدىغان ۋە نابۇت قىلىدىغان جىنايى ھەركەتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ئاياللار ئەرلەرگە بېقىندا بولمايدىغان، بەلكى جەمئىيەتتە ۋە دىنىي پائالىيەتلەردە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان بولدى.

ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ نىكا ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ھامىي بولغۇچىلارنىڭ بويىغا يەتكەن قىزلارنى ئەرگە تېگىشكە زورلىشى قانۇنسىز ھەركەتتۇر."

شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاش ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقا باشلىدى. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: "ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن قالغان نەرسىلەردىن ئالىدىغان نىسۋىسى بار، ئاياللارنىڭمۇ ئۆز ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن قالغان نەرسىلەردىن ئالىدىغان نىسۋىسى بار، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر مەيلى كۆپ بولسۇن ياكى ئاز بولسۇن، ھەركىم ئۆزىگە تېگىشلىكىنى ئېلىشى كېرەك." (4-سۈرە، 7-ئايەت)

تەلىم-تەربىيە جەھەتتە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر" دېگەن ئىدى. ئائىلە ئىشلىرى جەھەتتە قۇرئاندا ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇلار (ئاياللار) سىلەرگە پەردىدۇر، سىلەر ئۇلارغا پەردىدۇرسىزلەر." (2-سۈرە، 187-ئايەت) پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ: "ئاراڭلاردىكى ئەڭ قەدىرلىك كىشىلەر، ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا ۋە ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر" دېگەن ئىدى. شۇ چاغدا بىر ئادەم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئى رەسۇلۇللا، مەن ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ لايىق ئادەم كىم؟" دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: "ئاناڭ"

دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئۇ يەنە كەينى-كەينىدىن ئۈچ قېتىم سورىغان، پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۈچ قېتىم ئوخشاش جاۋاپ بەرگەن، تۆتىنچى قېتىمدا ئۇ يەنە سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئانىدىن "ئاتاڭ" دەپ جاۋاپ بەرگەن. مانا بۇنىڭدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارنى نەقەدەر يۇكسەك ئورۇنغا قويغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ "جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر" دەپ توۋلىغان بۇ تەنتەنىلىك شوئارى نادانلىق دەۋرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرۇۋاتقان ئاياللارنىڭ قەددىنى كۆتەرگەن، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكى ۋە ئىجتىمائى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش 7-ئەسىردىكى زۇلمەتلىك ئەرەپ جەمىيىتى ئاسمىنىنى يورۇتقان نۇر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنىغا ھەممىدىن بەك ھۆرمەت قىلىدۇ، ئاياللار ۋە باللارنى قوغداشنى ھەممىدىن بەك تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئاياللارنى دەپسەندە قىلىدىغان، بوۋاقلارنى خارلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان جىنايى ھەركەتلەر تارىختىكى كونا ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئېلىمىز ئاياللىرى ئۈزۈل-كېسىل ئازاتلىققا ئېرىشتى. لېكىن، بەزى ئادەملەر ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، قىزلارنى خارلىماقتا، ئۇلۇغ ئانىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئارتۇقچە يۈك ھېساپلاپ، پۈتۈن ئوي-پىكرى بىلەن، ئۇ يۈكتىن قۇتۇلۇشقا ھەركەت قىلماقتا. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئومۇمى ئەخلاققا ۋە ئىسلام دىنى ئەھكامىغا زىت ھەركەتلىرى جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ۋەتەننى سۆيۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ۋە دىنىي ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ، ئۆزىمىزنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ "جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر" دېگەن تەلىمى بىلەن تەربىيىلەپ، ئانىلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلىپ ۋە كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغدىشىمىز لازىم. ئانىلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كۆيۈنۈشنى ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە ئادەتكە ئايلاندۇرساق، بۇ ھال مۇقەررەر سۈرەتتە جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇشۇنداق گۈللىرى قۇياشتىن نۇر ئېمىپ، يامغۇردىن سۇ ئىچىپ، ھەممە يەردە پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتسۇن.

# ناماز توغرىسىدا قىسقىچە ساۋات

چېن گۋاڭيۈەن

ناماز ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. قۇرئان كەرىمدە، ناماز بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھوشى ساق ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان مەجبۇرىيىتى، دەپ بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: "سىلەر ناماز ئوقۇڭلار، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى مۇقەررەر قىلىنغان پەرزدۇر." (4-سۈرە، 103-ئايەت) تۆۋەندە ناماز توغرىسىدىكى ساۋاتنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## نامازنىڭ مەنىسى

ناماز ئەرەبچە "سەلات" دېيىلىپ، ئىبادەت قىلىش، ئىلتىجا قىلىش، دۇئا-تەلەپ قىلىش، بەخت تىلەش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئالاھىدە مەنىسى ئىبادەت قىلىشنى يەنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ۋە بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە يۈزىنى مۇقەددەس جاي — مەككىدىكى كەئبىگە قىلىپ تۇرۇپ ئاللاغا سەجدە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

## نامازنىڭ شەرت ۋە تەلەپلىرى

ناماز ئادەتتە مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ، ئۆيدە، يېزىدا، دالىدا، ماشىنا-پويىزدا، پاراخوتتا، مىنگىلى بولىدىغان باشقا ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ناماز ئوقۇيدىغان يەر پاك-پاكىز بولۇشى كېرەك.

نامازنىڭ پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەتلىرى:

### 1) نامازنىڭ پەرزى ئون ئىككى:

نامازنىڭ تېشىدىكى پەرزلەر شەرت دېيىلىدۇ، بۇ شەرتلەر ئالتە: (1) كىيىملىرىنى نىجاسەتتىن پاك قىلىش؛ (2) پاكىز سۇدا چوڭ ياكى كىچىك تاھارەت ئېلىش؛ (3) ناماز ئوقۇيدىغان يەرنى نىجاسەتتىن پاك قىلىش؛ (4) نىيەت قىلىش يەنى قايسى نامازنى ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆڭلىدە ئوچۇق بولۇش؛ (5) ۋاقتىنى ئىگەللەش؛ (6) قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش.

نامازنىڭ ئىچىدىكى پەرزلەر رۇكن دېيىلىدۇ، بۇمۇ ئالتە: (1) تەكبىر-تەھرىمە، يەنى قولاق قاققاندا "ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللا ئۇلۇغ) دېيىش؛ (2) قىيام، يەنى ئۆرە تۇرۇش؛ (3) قىرائەت، يەنى قىيامدا تۇرغاندا قۇرئان سۈرىلىرىنى ئوقۇش؛ (4) رۇكۇ قىلىش، يەنى ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېڭىشىش؛ (5) سەجدە قىلىش؛ (6) تەشەھھۇد، يەنى "ئەتتەھىيياتۇ"نى

ئوقۇپ بولغىچە ئولتۇرۇش.

**2) نامازنىڭ ۋاجىپلىرى ئون ئىككى**

(1) "سۈرە فاتىھە"نى ئوقۇش؛ (2) "فاتىھە" دىن كېيىن باشقا سۈرىنى ئوقۇش؛ (3) قىرائەتكە پەرز نامازنىڭ ئاۋالقى ئىككى رەكئىتىنى تەيىن قىلىش؛ (4) ھەر بىر پەرزنى جايىدا ئادا قىلىش؛ (5) تۆت رەكئەت نامازنىڭ ئاۋالقى ئىككى رەكئىتىدىن كېيىن ئولتۇرۇش؛ (6) رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئارام ئېلىش؛ (7) ھەر ئىككى رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرغاندا تەشەھھۇد ئوقۇش؛ (8) ۋىترى نامىزىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە "دۇئايى قۇنۇت"نى ئوقۇش؛ (9) بامدات، شام، خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە ۋە جۇمە نامىزىدا ئاۋازلىق قىرائەت قىلىش؛ (10) پېشىن، ئەسىر نامازلىرىدا ئىچىدە قىرائەت قىلىش؛ (11) ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىنى ئېيتىش؛ (12) سالام بېرىش (نامازنى تاماملاش).

**3) نامازنىڭ سۈننەتلىرى يىگىرمە سەككىز:**

قىيامدىكى سۈننەت يەتتە: (1) قۇلاق قاققاندا ئىككى قولنى يېڭىدىن چىقىرىش؛ (2) ئوڭ قولنى سول قولى ئۈستىگە قىلىپ كىندىك ئاستىغا قويۇش؛ (3) سەجدە قىلىدىغان يەرگە قاراپ تۇرۇش؛ (4) سانا يەنى "سۇبھانەكەللاھۇممە"نى ئوقۇش؛ (5) "ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم"نى ئوقۇش؛ (6) "بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم"نى ئوقۇش؛ (7) "سۈرە فاتىھە"نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن "ئامىن" دېيىش.

رۇكۇدىكى سۈننەت يەتتە: (1) رۇكۇغا بارغاندا "ئاللاھۇ ئەكبەر" دېيىش؛ (2) پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراش؛ (3) ئىككى قولى بىلەن تىزىنى تۇتقاندا، بارماقلىرىنى ئېچىش؛ (4) "سۇبھانە رەببىيەلئەزىم"نى ئۈچ قېتىم ئوقۇش؛ (5) رۇكۇدىن باشنى كۆتەرگەندە "سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە" دېيىش؛ (6) "رەببەنا لەكەلھەمد" دېيىش؛ (7) رۇكۇدىن كېيىن سەل تۇرۇۋېلىپ ئاندىن سەجدىگە بېرىش.

سەجدىدىكى سۈننەت يەتتە: (1) سەجدىگە بارغاندا ۋە سەجدىدىن باشنى كۆتەرگەندە "ئاللاھۇ ئەكبەر" دېيىش؛ (2) قولنى يەرگە قويغاندا بارماقلىرىنى جىپلەپ تۇتۇش؛ (3) باشنى ئىككى قولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇش؛ (4) "سۇبھانە رەببىيەلئەئلا"نى ئۈچ قېتىم دېيىش؛ (5) يەتتە ئەزا (باش، ئىككى قول، ئىككى پۇت، ئىككى تىز) بىلەن سەجدە قىلىش؛ (6) سەجدە قىلغاندا جەينەكنى قولتۇققا چاپلىۋالماي، يىراق تۇتۇش، كۆزنى بۇرۇننىڭ ئۇچىغا تىكىش؛ (7) ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئازراق ئولتۇرۇش.

تەشەھھۇددىكى سۈننەت يەتتە: (1) تەشەھھۇددا سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ساغرىسىنى سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇش؛ (2) ئوڭ پۇتنى تىكلەپ، بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىش؛ (3) ئىككى قولنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇش؛ (4) قولنىڭ بارماقلىرىنى جىپلەپ، قىبلىگە قارىتىش؛ (5) كۆزنى مەيدىسىگە تىكىش؛ (6) تەشەھھۇددا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇش؛ (7) ئوڭ ۋە سول تەرەپكە سالام بېرىش.

ئاياللارنىڭ ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى ئەرلەرنىڭكىدىن سەل پەرق قىلىدۇ: ئاياللار قۇلاق قاققاندا، ئىككى قولى مۈرىسىدىن ئېگىز كۆتەرىلمەيدۇ؛ قىيامدا تۇرغاندا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويىدۇ؛ رۇكۇ قىلغاندا ئىككى پۇتىنى

سەل ئېگىدۇ، بىلىگىنى قوسىغى ۋە يوتىسىغا چاپلايدۇ؛ سەجدە قىلغاندا قوسىغىنى يوتىسىغا چاپلايدۇ؛ تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا ئىككى پۇتىنى ئوڭ تەرەپكە چىقىرىۋېتىپ، ساغرىسى بىلەن ئولتۇرىدۇ.

## بەش نامازنىڭ ۋاقتى

بەش ناماز بىر كۈننىڭ ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان بەش ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇلىدۇ. ھەر بىر نامازنىڭ ۋاقتى قۇرئان كېرىم بىلەن ھەدىس شېرىپكە ئاساسەن بەلگىلەنگەن. "ئاللانى ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە پاكلىق بىلەن ياد قىلىڭلار. ئاسماندىكى ۋە يەردىكى ھەممە ماختاشلار ھەم كەچقۇرۇن ۋە چۈش ۋاقتىدىكى ماختاشلار ئاللاغىلا خاستۇر" (30 - سۈرە 17 — 18 - ئايەت) دېيىلگەن، بۇ يەردە ئېيتىلغان "ماختاش" نامازنى كۆرسىتىدۇ. "ئاخشامدا" دېيىلگىنى نامازشام بىلەن نامازخۇپتەننى، "ئەتىگەندە" دېيىلگىنى ناماز بامداتنى، "كەچقۇرۇندا" دېيىلگىنى ناماز ئەسىرنى، "چۈش ۋاقتىدا" دېيىلگىنى ناماز پېشىننى كۆرسىتىدۇ.* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ناماز بامداتنىڭ ۋاقتى كۈن تېخى چىقىشقا باشلىمىغان چاغ، پېشىننىڭ ۋاقتى چۈشتە كۈن قايرىلغان ئەمما ئەسرى نامىزى يېتىپ كەلمىگەن چاغ، ئەسىرنىڭ ۋاقتى كۈن ساغىرىپ كەتمىگەن ۋە كۈن ئولتۇرمىغان چاغ، شامنىڭ ۋاقتى كۈن غەرپكە پاتقان ئەمما ئاسماندىكى قىزىللىق تېخى تۈگىمىگەن چاغ، خۇپتەننىڭ ۋاقتى يېرىم كېچىگىچە."

**بامدات:** بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە "فەجر" دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتى تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ كۈن چىققىچە، يەنى كۈن چىقىشقا 95 مىنۇت قالغان ۋاقىتتىن تارتىپ كۈن چىققۇدەك ۋاقىتقىچە. بۇ ناماز تۆت رەكئەت: ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئىككى رەكئەت پەرز (نامازنىڭ يوقۇرىدا ئېيتىلغان تەرتىۋى بويىچە ئوقۇلىدۇ، تۆۋەندىكىلىرىمۇ شۇنداق).

**پېشىن:** بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە "زۇھر" دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتى چۈش مەزگىلىدىن سەل ئۆتكەن چاغدىن تارتىپ كۈن غەرپكە قايرىلغىچە، يەنى تىك تۇرغان بىر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئېگىزلىگىگە ئىككى باراۋەر كەلگىدەك بولغان چاققىچە. بۇ ناماز ئون رەكئەت: تۆت رەكئەت سۈننەت، تۆت رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت.

**ناماز دىگەر:** بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە "ئەسر" دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتى كۈن غەرپكە قايرىلغاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىچە. بۇ ناماز تۆت رەكئەتلا پەرز.

**شام:** بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە "مەغرىب" دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتى كۈن ئولتۇرغاندىن تارتىپ غەرپ تەرەپ ئاسمىندىكى قىزىللىق تۈگىگىچە. بۇ ناماز بەش رەكئەت: ئۈچ رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت.

**خۇپتەن:** بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە "ئىشائ" دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتى ئاسماندىكى قىزىللىق تۈگىگەندىن تارتىپ ئەتىسى

* ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، كۈن چىقىۋاتقان، كۈن قىيام بولغان (كۈندۈز سائەت 12 بولغان) ۋە كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغلاردا ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنىدۇ، قازا نامازنى ئوقۇشقا، جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈشكە، قۇرئاندىكى سەجدە ئايەتلىرىنى ئاڭلىغاندا سەجدە قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

تاڭ يورۇغىچە يەنى بامداتنىڭ ۋاقتى كىر- گىچە. بۇ ناماز توققۇز رەكئەت: تۆت رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئۈچ رەكئەت "ۋىتر" نامىزى (ۋاجىپ).

## جۈمە نامىزى

ھەرھەپتىنىڭ جۈمە كۈنىدە جۈمە نامىزى ئوقۇ- لىدۇ، ۋاقتى پېشىننىڭ ۋاقتى بىلەن ئوخشاش. فىقھەدىكى بەلگىلىمە بويىچە، جۈمە ئوقۇغان- لىكى ئادەم ئايرىم پېشىن نامىزىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن جۇڭگودا ئادەتتە پېشىنمۇ ئوقۇلىدۇ.

جۈمە نامىزىدا ئاۋۋال تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇپ، ئاندىن ئىمامنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلايدۇ، بۇ—جۈمە نامىزىنىڭ شەرتى، بۇنى جىم ئولتۇ- رۇپ ئاڭلاش كېرەك. ئاندىن كېيىن جامائەت بولۇپ ئىككى رەكئەت پەرز ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۈمە نامىزى ئاساسەن تاماملىنىدۇ، ئەگەر پېشىن ئوقۇيدىغانلار بولسا، جۈمە نامى- زىدىن كېيىن ئۆزى ئايرىم ئوقۇسا بولىدۇ. يەنى ئاۋۋال تۆت رەكئەت سۈننەت، ئاندىن تۆت رەكئەت پەرز، ئاخىردا ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

## ھېيت نامىزى

ئىسلام دىنىدا بىر يىلدا روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت دىگەن ئىككى ھېيت بولىدۇ. ھەر ھېيتتىكى ئەڭ ئاساسلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدىن بىرى ھېيت نامىزى ئوقۇش- تۇر.

روزى ھېيت نامىزى بىر ئايلىق روزىنىڭ غەلىبىلىك ئاخىرلاشقانلىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر يىلى ھىجرىيە بويىچە 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئوقۇلىدۇ. نامازدىن باشقا، دىنىي بەلگىلىمە بويىچە، ھېيت نامىزى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ھەر بىر مۇسۇلمان ئائى- لىسى جان سانىغا قاراپ "سەدىقە فىترە" يەنى روزىدىن چىقىش سەدىقىسى بېرىشى لازىم. بۇ ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن بىر شىڭ خورما ياكى يېرىم شىڭ بۇغداي بېرىلىدۇ، بۇ نەرسىنىڭ باراۋىرىدە پۇل بەرسىمۇ بولىدۇ.

قۇربان ھېيت نامىزى ھېيتنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر يىلى ھىجرىيە بويىچە 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئوقۇلىدۇ. بۇ چاغدا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن بارغان مىليونلىغان مۇسۇلمان مەككىدە ھەج پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ئەڭ زور دىنىي يىغىلىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ھەر بىر ھېيتنىڭ نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، بۇ ناماز ۋاجىپ جۈملىسىگە كىرىدۇ، ئۇنى چوقۇم مەسچىتكە بېرىپ، ئىمام بىلەن ئوقۇش كېرەك. بۇ ئىككى رەكئەت نامازنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى، بۇنىڭدا يەتتە قېتىم قۇلاق قېقىلىپ، يەتتە قېتىم تەكبىر ئوقۇلىدۇ. كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: بىرىنچى رەكئەتتە تۆت قېتىم قۇلاق قېقىلىپ، تۆت قېتىم تەكبىر ئوقۇلىدۇ، ئىككىنچى رەكئەتتە ئۈچ قېتىم قۇلاق قېقىلىپ، ئۈچ قېتىم تەكبىر ئوقۇلىدۇ، نامازدىن كېيىن ئىمامنىڭ "خۇتبە"سىنى ئاڭ- لاپ، دۇئا قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناماز ئاخىرلىشىدۇ، كۆپچىلىك بىر بىرى بىلەن سالاملىشىپ ئۆزئارا تەبرىكلىشىدۇ. قۇربان ھېيتتا، شەرت - شارائىتى يار بەرگەنلەر قوي، كالا، تۆگە قاتارلىقلارنى سويۇپ، دوست - ئاغىنىلىرىگە ھەدىيە قىلىدۇ.

# شەندۇڭ ئۆلكىسى مۇسۇلمانلىرىنىڭ چامباشچىلىق پائالىيىتى توغرىسىدا

ياڭ جەنشەن

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ قەدىمقى زاماندىن تارتىپلا، "چامباشچىلىق ماكانى" دېگەن ئىسىل نامى بار. بۇ يەردە ماكانلاشقان مۇسۇلمان قېرىنداشلار قەدىمدىن تارتىپلا چامباشچىلىققا ھەۋەسمەن بولۇپ، ئۇلار "چامباشچىلىق ماكانى"نى بەرپا قىلىشقا تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىگە خاس ئۇسلۇپ ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ شەكىللەندۇرگەن. خوش، "چامباشچىلىق دولقۇنى" قوزغالغان بۈگۈنكى كۈندە، مۇسۇلمانلارنىڭ چامباشچىلىق پائالىيەتلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا دائىر مەزمۇنلارنى دەل مۇشۇ ماقالامدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىلۇ دېگەن يېرىدىكى مۇسۇلمانلار، ئاساسەن، خۇيزۇلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمى سانى ئازغىنا كەم 400 مىڭ، ئۇلار كەڭ يېزىلار ۋە شەھەر-بازارلارغا تارقالغان. خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ۋە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، چامباشچىلىقمۇ نەچچە يۈز يىللىق تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. لېكىن، تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ جەھەتتىكى تارىخىي يازما خاتىرىلەر تېخى تېپىلغىنى يوق. ھازىرغىچە توپلىيالىغانلىرىمىز، ئاساسەن، پېشقەدەم مۇسۇلمان چامباشچىلار، چامباشچىلىق ھەۋەسكارلىرى ۋە مىللىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ ئاغزاكى تەرىپلىرىدىنلا ئىبارەت بولدى. بۇلارنى ھازىر يىغىنچاقلاپ ماقالا قىلىپ چىقتىم، شۇڭا ئاددى، يۈزە بولۇپ قالغان بولۇشى تۇرغان گەپ؛ شۇنداق بولسىمۇ، دىققەت-ئېتىۋارنى قوزغاش، بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قېزىپ، ئۇنى نۇرلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىدىدە، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

بايان قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چامباشچىلىقىنىڭ تۈرى، قورال-سايمانلىرى ۋە خۇسۇسىيىتى، پەيدا بولۇشى ۋە شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارلىق جەھەتلىرىنى ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇرىمەن.

## بىرىنچى، شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چامباشچىلىقىنىڭ تۈرى، سايمانلىرى ۋە خۇسۇسىيىتى

مۇسۇلمانلارنىڭ چامباشچىلىقى، باشقا مەدەنىيەت-سەنئەتكە ئوخشاشلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ

قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ، ئۇ ئىلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ چامباشچىلىققا خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە قويۇق مىللى خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە بولۇپ، خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەنمۇ چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن، خۇيزۇلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بارا-بارا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان.

شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چامباشچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ۋە مول مەزمۇنلارغا ئىگە. سەندا، چاڭبىڭ، دۇەنبىڭ ۋە چۇەنشۇ قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى بولۇپ، بۇلار ھەرخىل چامباشچىلىق، سايمان ۋە سەپ تۈزۈپ ئىلىشىش قاتارلىق نەچچە ئون خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چامباشچىلىق ئىچىدە تەنتۇي چامباشچىلىقى، سامىل چامباشچىلىقى، خۇاچۇەن چامباشچىلىقى، پۇت چامباشچىلىقى، خۇڭچۇەن چامباشچىلىقى، پاۋچۇەن چامباشچىلىقى قاتارلىقلارنى شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرى ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدۇ. جىنەن شەھىرىدىكى خۇيزۇلارنىڭ يەنە لىۇجياۋ چامباشچىلىقى، 24 يۈرۈشلۈك چامباشچىلىق، لاۋجيا چامباشچىلىقى، خۇاڭيىڭجيا چامباشچىلىقى قاتارلىق چامباشچىلىق تۈرلىرى بار. شىمالىي شەندۇڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ بولسا باجىچۇەن چامباشچىلىقى بار. نەيزە، شەمشەر، قىلىچ، كالتەك، يالمانلىق نەيزە، قامچا، ئوموت، ئىلمەك، كۈرەك قاتارلىق سايمانلار ئىچىدە، دەستىلىك قامچا، ئۈشتەكلىك كالتەك، قەلەمقاش نەيزە، سۆلەي ئەگمە كالتەك، ئەجدىھا تىرناقلىق ئىلمەك قاتارلىقلار خەنزۇ چامباشچىلىقىدا ئاز ئۇچرايدۇ. پادىچى كالتىكى، سامىل كالتىكى، سامىل نەيزىسى قاتارلىقلارمۇ روشەن مىللى خۇسۇسىيەتكە ئىگە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، پادىچى كالتىكى خۇيزۇلارنىڭ پادا بېقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. دەستىلىك قامچا پادىچىلار قامچىسىدىن كەلگەن. ئەجدىھا تىرناقلىق ئىلمەك مۇسۇلمان قاسساپلارنىڭ ئىشلىتىدىغان ئىلمىكىدىن راۋاجلىنىپ كەلگەن. 10 يۈرۈشلۈك سامىل چامباشچىلىقى، 3 يۈرۈشلۈك پۇت چامباشچىلىقى، 10 يۈرۈشلۈك تەنتۇي چامباشچىلىقى قاتارلىقلار خۇيزۇلارغىلا خاس چامباشچىلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار "مۇسۇلمانلار چامباشچىلىقى"، "دىندارلار چامباشچىلىقى" دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. مەيلى يېزىلاردا بولسۇن ياكى شەھەرلەردە بولسۇن، ئۇنداق چامباشچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆپىنچە مەسچىتلەر مەركىزىي مەشق مەيدانى قىلىنىپ، بىرمۇنچە ئاخۇنلار قوشۇمچە چامباشچىلىق ئوقۇتقۇچىلىرى بولغان. "نەنجىڭدىن بېيجىڭغىچە بولغان تەنتۇي چامباشچىلىقى (سامىل چامباشچىلىقى دېگەن گەپمۇ بار) دىندارلار ئارىسىدىن كەلگەن" دېگەن گەپ تارقالغان. بۇ، ئۇ چامباشچىلىق تۈرلىرىنىڭ مىللىلىكى ۋە ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرى چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشتە، ئەزەلدىنلا مەسچىت ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، يىدۇ (چىڭجۇ) شەھىرى ئىچىدىكى ئىككى مەسچىتتە چامباشچىلىق سورۇنلىرى بولغان. دۇڭگۇەن مەسچىتىدىكى چامباشچىلىق ئوقۇتقۇچىسى شۇ چاغدا ئاخۇن بولۇپ تۇرغان مى چېڭچى ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن،

شەھەر ئىچىدىكى مەسچىتلەردە ئىشتىن سىرتقى چامباشچىلىق سىنىپى ئېچىلىپ ھەمدە چامبا-شچىلىق تەتقىقاتى يۈرتى قۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى چامباشچىلىق قېزىلدى ۋە رەتلەندى، مۇسۇل-مانلارنىڭ چامباشچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى تەربە-يىلەندى، بۇلاردىن ئەڭ ياخشى ئوقۇغان ياڭ زىبىن شەرقىي جۇڭگو رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چامباشچىلىق مۇسابىقىسىگە قاتناشتى: بېيجىڭ داشۆگە ئوقۇشقا كىرگەن رېن چىيۇن مەزكۇر مەك-تەپنىڭ چامباشچىلار ئەترىتىگە باشلىق بولۇپ، مەملىكەتلىك چامباشچىلىق مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ھازىر شەھەر ئىچىدىكى مەسچىتلەردە يەنىلا ئىشتىن سىرتقى چامباشچىلىق سىنىپى بار، بۇ سىنىپ-لاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 200 دىن ئاشىدۇ، ئۇلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ياڭگۇ ناھىيىسى جاڭچيۇجېن مەسچىتىدىكى ئىشتىن سىرتقى چامباشچىلىق مەكتىۋى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەر-بىيە مەكتەپلىرى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. جىنەن شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار تارىختا بېيداسى مەسچىتىدە چامباشچىلىق سورۇنى تەسىس قىلغان، ھازىر نەنداسى مەسچىتىدە 400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بولغان ئاز سانلىق مىللەت تەنتەربىيە جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ چامباشچىلار ۋە چېلىشچىلارنى تەربىيىلىمەكتە.

## ئىككىنچى، شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرى چامباشچىلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شەكىللىنىشى

ھازىر ھايات تۇرغان پېشقەدەم مۇسۇلمان چامباشچىلارنىڭ ئەسلىشىچە، پۈتكۈل چامباشچى-لىقتىن ئېيتقاندا، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۈپەيلىدىن، چامباشچىلىق، ئاساسەن، "جاھانكەشتىلەر"، "كوچا سەنئەتكارلىرى" ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ، قېپقالغان يازما ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاساسەن خەلق ئارىسىدا چېچىلىپ ياتماقتا. بولۇپمۇ خۇيزۇ مۇسۇلمانلار كونا جەمئىيەتتە ئېزىلگۈچى ئورۇندا تۇرغانلىقى، ساۋاتلىقلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار چامباشچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسەن ھەركەتتى بىلەن كۆرسىتىش، سۆزلەپ بېرىش يولى بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەچكە، يازما ماتېرىياللارمۇ ئاز. بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن كۆزقاراش مۇسۇلمانلار چامباشچىلىقى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرى-لىرىدا بىخ ئۇرۇپ چىقىپ، كېيىن بارا - بارا راۋاجلانغان دېگەندىن ئىبارەت. بۇنى سامىل چامباشچىلىقىنىڭ تارىخى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

**1) سامىل چامباشچىلىقىنىڭ تارىخى.** سامىل چامباشچىلىقى شەندۇڭنىڭ گوەنشەن ناھىيە-سىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى سامىل (سامىمۇ دېيىلىدۇ) دېگەن ئادەم ئىجاد قىلغان ئىكەن، ئۇ ئەسلىدە غەربىي رايونلۇق (شىنجاڭلىق دېگەن گەپمۇ بار) ئىرادىلىك ياش بولۇپ، مىڭ سۇلالە-سىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خانىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن، ياپون قاراقچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن

جەنۇپقا كېتىۋېتىپ، گۇەنشەن ناھىيىسىنىڭ جاڭيىجۇاڭ (يەنە بىر ئىسمى يىلىجۇاڭ) دېگەن يېرىدىن ئۆتكەندە كېزىك بولۇپ قېلىپ، بىر خۇيزۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ۋە كۈتۈشىگە ئېرىشكەن. ساقايغاندىن كېيىن رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش چامباشچىلىقنى ئۆگىتىپ قويغان. شۇ يەرلىك مۇسۇلمانلار بۇ ۋەقەنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇ ئۆگەتكەن چامباشچىلىقنى سامىل چامباشچىلىقى دەپ ئاتىغان.

2) **سامىل چامباشچىلىقىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى.** شېنشىيەن، گۇەنشىيەن ناھىيىلىرىدىكى پىشقەدەم مۇسۇلمان چامباشچىلارنىڭ ھەممىسى ئەسلەپ، سامىل چامباشچىلىقىنى سامىل ئۆگەتكەن دەيدۇ، لېكىن زادى كىمگە ئۆگەتكەنلىكىنى بولسا دەپ بېرەلمەيدۇ. شۇ جايدىكى سامىل چامباش-چىلىقىنىڭ گۇەنشەن ناھىيىسى جاڭيىجۇاڭ كەنتىلىك ئۆلۈپ كەتكەن خۇيزۇ چامباشچى جاڭ شىيەندىن قالغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ يەنە پاۋچۇەن چامباشچىلىقى (3، 6، 9 يۈرۈش) خۇڭچۇەن چامباشچىلىقى (10 يۈرۈش)، خۇاچۇەن چامباشچىلىقى (3 يۈرۈش)، پۇت چامباش-چىلىقى (3 يۈرۈش)، تەنتۈي چامباشچىلىقى (10 يۈرۈش)نى تارقاتقانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئېسىدە قاپتۇ. مەملىكەت بويىچە ئاتاقلىق خۇيزۇ چامباشچى جاڭ جېنفاڭ ئەپەندى ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا شاگىرت بولغان. ئەگەر جاڭ شىيەن ئەپەندى ھايات بولغان بولسا ھازىر 110 نەچچە ياشقا كىرگەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن نېرىسىغا سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار جاڭ چۇبېي، جاڭ چيەن، جاڭ جىنتاڭ، لى لاۋچۇڭ قاتارلىق 5 ئەۋلات مۇسۇلمان چامباشچىلارنى ساناپ بېرەلەيدۇ (لى لاۋچۇڭ گۇەنشىيەن ناھىيىسىنىڭ بازىرىدىن بولغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى جاڭيى-جۇاڭلىق). ئۇنىڭدىنمۇ نېرىسىغا سۈرۈشتۈرگەندە، بۇنى دەپ بېرەلمەيدۇ. دېمەك، بۇلار بىلەن سامىل ئارىلىقىدا بىر ئارىلىق بار ئىكەن. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، ھېساپلاپ كۆرگەندە بۇنىڭغا 300 يىلدەك ۋاقىت بولغان، بۇنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سامىلنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن شەرققە كەلگەنلىكى، يول ئۈستىدە سامىل چامباشچىلىقىنى ئۆگەتكەنلىكىگە دەلىل قىلىش مۇمكىن.

3) **سامىلنىڭ مىللىتى.** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىدىكى يولداش-لارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇرۇنقى زامانلاردا سامىل چامباشچىلىقى شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پىشقەدەم چامباشچىلار كەينى-كەينىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە، بۇنداق چامباشچىلىقنى بىلىدىغانلار ئازىيىپ كەتكەن. سامىل دېگەن ئىسىمدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇيغۇردەك قىلىدۇ. خۇيزۇلار ئەڭ دەسلەپتە قوللانغان 4 چوڭ پەمىلە (سا، تىيې، سەي، دىڭ) دىن قارىغاندا، سامىل خۇيزۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدىن سامىلنىڭ مۇسۇلمان چامباشچى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

4) **سامىل چامباشچىلىقىنىڭ تارقىلىشى.** خېنەندىكى پىشقەدەم مۇسۇلمان چامباشچىلارنىڭ يېزىپ قالدۇرۇشىچە، بۇ يەردىكى سامىل چامباشچىلىقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گۇەنشىيەن ناھىيىسىدىن كەلگەن. شەنشىلىك پىشقەدەم خۇيزۇ چامباشچىلىرىنىڭ ئەسلىشىچە، شەندۇڭنىڭ سامىل چامباشچىلىقى خېنەن ئارقىلىق شەنشىگە تارقالغان. سەنشىدىكى پىشقەدەم خۇيزۇ چامباش-

چىلىرىمۇ سەنشىدىكى سامىل چامباشچىلىغى شەندۇڭدىن كەلگەن دېيىشىدۇ. مەملىكەت بويىچە داڭقى بار خۇيزۇ چامباشچىسى مەرھۇم چاڭ جىنفاڭ ئەپەندىمۇ شەندۇڭ ئۆلكىسى گوەنشيەن ناھىيىسى. جاڭجياۋاڭ كەنتلىك (كېيىن خېبەيگە كۆچۈپ كەلگەن) بولۇپ، ئۇ ياش چاغلىرىدا ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ چامباشچىلىقنى ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سەنشى، خېبېي، شەندۇڭ، خېنەن، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغان. ھازىر بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتى چامباشچىلىق كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، خۇيزۇ چامباشچىسى پروفېسسور جاڭ ۋېنگۇاڭ خېبەي ئۆلكىسى تۇڭشۇ ناھىيىسىدىن بولۇپ، ياش چېغىدا چاڭ جىنفاڭ ئەپەندىنىڭ ياراملىق شاگىرتى ئىدى. سەنشىدىكى مەشھۇر خۇيزۇ چامباشچىلىرى جاڭ شىتەي، خې جىنچۈەنلەرمۇ چاڭ جىنفاڭنىڭ شاگىرتلىرىدۇر. شەنشىدىكى مەشھۇر خۇيزۇ چامباشچىسى ما جىنباڭمۇ چاڭ جىنفاڭدىن چامباشچىلىقنى ئۆگەنگەن. بۇنىڭدىن سامىل چامباشچىلىغىنىڭ كەڭ تارقالغانلىغىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

گوەنشيەن ناھىيىسىدىن جاڭ چىنىڭ ئاخۇن ھەم ئىماملىق قىلغان، ھەم سامىل چامباشچىلىغىنى تارقاتقان كىشىدۇر. ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى جاڭ جىنتاڭمۇ ھەم مەشھۇر ئاخۇن، ھەم سامىل چامباشچىلىغىنى بىرقەدەر بۇرۇن ئۆگەتكەن كىشى. جاڭ چىنىڭ ئالدىنقى يىللاردا گوەنشيەن ناھىيىسى شايەن كەنتىدىكى مەسچىتتە ئىماملىق قىلىپ تۇرغىنىدا، چامباشچىلىقنى قوشۇمچە ئۆگەتكەن، ھازىر ئۇ گوەنشيەن ناھىيىسى بازىرىدا ئىماملىق قىلىدىغان بولۇپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا يەنىلا چامباشچىلىقنى ئۆگىتىۋاتىدۇ. مۇشۇ ناھىيىدىكى لى ۋېيچىڭ ئاخۇن بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى شېنشيەن ناھىيىسى جاڭلۇجېن مەسچىتىدە ئىماملىق قىلغاندا، قوشۇمچە چامباشچىلىق ئوقۇتقۇچىسى بولغان، ھازىر گوەنشيەن ناھىيىسى شاجۇاڭ مەسچىتىدە يەنىلا بىكار ۋاقىتلىرىدا چامباشچىلىقنى ئۆگىتىۋاتىدۇ. ياڭگۇ ناھىيىسى جاڭچيۇجېن مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋۇگويشياڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئىزچىل تۇردە بىكار ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ چامباشچىلىقنى ئۆگىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى ھەمدە ئۆزى ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىۋىنى ئېچىپ، 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى. بۇ 3 ئاخۇن يەنە نۇرغۇن قېتىم، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك چامباشچىلىق مۇسابىقىلىرىنىڭ رېپېرى بولۇپ، ئالاقىدار تارماقلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

جىنەن شەھەرلىك جۇنيىڭ تەنتەربىيە جەمىيىتىنى قۇرغۇچىلاردىن بولغان ۋاڭ جاۋلىن، ۋاڭ جاۋتىڭلار ۋە بېيداسى مەسچىتى چامباشچىلىق جەمىيىتىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان زو شۇاڭچىن، چېن باۋپىڭ، لى يۇچېنلار نامازنى قولدىن بەرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مەشھۇر يۇرت مۆتىۋەرلىرى بولۇپ، ئۇلار كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خېلى ئابرۇيغا ئىگە.

لېكىن، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، سامىل چامباشچىلىغى پەقەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا تارقالغان.

سامىل چامباشچىلىقنى بەك ياقتۇرىدىغان ئۆلىمالار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى تاھارەت ئېلىپ ئاندىن چامباشچىلىقنى مەشىق قىلاتتى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بۇنداق چامباشچىلىقنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللى سىياسەتنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، سامىل چامباشچىلىقى مىللى چېگرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ راۋاجلىنىپ چامباشچىلىق تۈرلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىر چامباشچىلىق تۈرىگە ئايلاندى. ھەرىكىتى چىرايلىق، چاققان-چەبدەسلىك بىلەن ئوينىلىدىغان، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە سامىل چامباشچىلىقى كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئۇچرىماقتا.

ئۇنداق بولسا، خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى نېمە ئۈچۈن چامباشچىلىقنى ئۆگىنىدۇ؟ بۇنىڭغا ئاساسلىقى، تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇسۇلمانلارنى مۇداپىئە كۆرۈش-قوغدىنىش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ھاياتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاز-تولا چامباشچىلىق ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلغانلىقى سەۋەب بولغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چامباشچىلىقنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەدەن چېنىقتۇرۇش-كېسەللىكلەرنى ساقايتىش، مەدەنىي تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇش، روھىي ئۇرغۇتۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ كەڭ خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە تارتقان. ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، چامباشچىلىق مۇسۇلمانلار ياخشى كۆرىدىغان تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە ئايلانغان. يېزىلاردا، كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، تاكى ئەتىيازغىچە مەشىق ۋە ئويۇن كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شەھەر-بازاردىكى مۇسۇلمانلار بولسا، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ يىل بويى مەشىق قىلىپ، ئۇستازلار شاگىرت تۇتۇپ، مۇددەتكە بۆلۈپ تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. مەشھۇر خۇيزۇ چامباشچىسى مەرھۇم ۋاڭ جاۋلىن ئەپەندى قۇرغان ”جىنەن جۇنيىڭ تەنتەربىيە جەمئىيىتى“ ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن چامباشچىلىق ساھەسىدىكى زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن. باھار بايرىمى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت-ئايەم كۈنلىرى بولسا چامباشچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى پەيتى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، جىنەن شەھىرى شىگۇەن رايونىدىكى خۇيزۇلار روزا ھېيت مەرىكىسىدىن پايدىلىنىپ، چامباشچىلىق، چېلىشىش، سەندا چامباشچىلىقى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئويۇن كۆرسىتىدۇ. شاڭخې ناھىيىسى مەيخۇجەندىكى، يىدۇ ناھىيىسى بازىرىدىكى خۇيزۇلار بولسا باھار بايرىمىدا چامباشچىلىق بىلەن ناخشا-ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ تۈرلۈك ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇنى ئامما بەك قارشى ئالىدۇ، ئۇلار ئۆز كەنتى، ئۆز بازىرىدا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى خۇيزۇلار كەنتلىرىدە ئويۇن كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە ئەتراپتىكى خەنزۇلار جايلاشقان كەنت-بازارلارغا بېرىپمۇ ئويۇن كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلۇپ، سالامەتلىكى ياخشىلانغان، ھەم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈچەيتىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چىڭىتىلىپ، ئوبدان مىللى ئەنئەنە يېتىشتۈرۈلگەن.

شۇ چاغلاردا، مۇسۇلمانلارنىڭ چامباشچىلىق پائالىيەتلىرى پۈتۈن ئۆلكىگە تارالغان. جىنەن شەھىرىنىڭ شىگۇەن رايونى، يىدۇ ناھىيە بازىرى، گۇەنشەن ناھىيىسىنىڭ جاڭيەجۇاڭ كەنتى، شىنشيەن ناھىيىسىنىڭ جاڭلۇجېن بازىرى، جاۋچىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي كوچىسى، شاڭخې ناھىيىسىنىڭ مەيخۇجەن رايونى، تەيئەن ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرى، فېيچېڭ ناھىيەسىنىڭ چېنجيابۇ رايونى، نىڭجىن ناھىيىسىنىڭ جاڭگۇەن كەنتى، لېلىڭ ناھىيىسىنىڭ شياۋبەيجيا كەنتى، لىنچىڭ ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرى، چىڭيۈن ناھىيىسىنىڭ جۇاڭكې كەنتى، دىڭتاۋ ناھىيىسىنىڭ چيەنشاخەي، جۇڭشاخەي رايونلىرى، خېزې ناھىيىسىنىڭ لياڭجۇاڭ كەنتى، زىبو ناھىيىسىنىڭ جىنلىڭ بازىرى، يۇچېڭ ناھىيىسىنىڭ خەنجياجەي كەنتى، جىنىڭ ناھىيىسىنىڭ يۆخېيا كەنتى، پىڭيۇەن ناھىيىسىنىڭ كۇشۇيبۇ كەنتى، زاۋجۇاڭ شەھىرىنىڭ ئوتتۇرا رايونى، جىنەن شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى داڭجياجۇاڭ كەنتى قاتارلىق خۇيزۇ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت، بازار ۋە كوچىلار چامباشچىلىق پائالىيىتى دائىم ئېلىپ بېرىلغان ۋە ياخشى نەتىجە يارىتىلغان جايلاردۇر. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئەينى چاغلاردا جىنەن شەھىرىنىڭ خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونىدا ئەرلەر چامباشچىلىق جەمىيىتى قۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى مەخسۇس ئاياللار چامباشچىلىق جەمىيىتىمۇ قۇرۇلۇپ، فېئوداللىق ئەدەپ-قائىدىنىڭ ئاياللارغا قاراتقان ئاسارىتى بۇزۇپ تاشلانغان. كىشىنى خوشال قىلىدىغىنى شۇكى، جىنەن شەھىرى شىگۇەن رايونىدىكى خۇيزۇ چامباشچىسى جۇزىخې 1933-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك چامباشچىلىق مۇسابىقىسىدە سەندا چامباشچىلىغى بويىچە چېمپىيون بولغان. بۇنىڭدىن شۇ چاغلاردا مۇسۇلمانلار چامباشچىلىغىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمىنى ۋە سەۋىيىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لېكىن، تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسيان كۆتىرىشىدىن ساقلىنىش بانىسى بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشىنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، مۇسۇلمانلار چامباشچىلىغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن. بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىگى قوزغىغان جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئېغىر بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭ ئارقىسىدا، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چامباشچىلىق پائالىيىتى بارا-بارا ئۈزۈلۈپ قالغان. ئەمما بەزى كەنت-بازارلاردىكى مۇسۇلمانلار چامباشچىلىق پائالىيەتلىرىنى ياپون قاراقچىلىرىغا زەربە بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرگەن. مەسىلەن، شىنشيەن، تەيئەن، فېيچىڭ قاتارلىق تايانچ بازىلاردىكى مۇسۇلمانلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازاتلىق ئۇرۇشى داۋامىدا خۇيزۇ پارتىزانلار ئەترىدى ۋە خۇيزۇلار بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىدى تەشكىللەپ، چامباشچىلىقنىڭ ئارتۇقچىلىغىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەم نەيزە-مىلتىق بىلەن ئېلىشىپ، ھەم قۇرۇق قول بىلەن ئېلىشىپ، دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن زەربە بەرگەن. تەيشى خۇيزۇ پارتىزانلار ئەترىدىنىڭ باشلىغى، مىللى قەھرىمان مى يىڭجۈننىڭ قۇرۇق قول بىلەن، ياپونىيە جاسۇسىنى تىرىك تۇتۇشتەك قەھرىمانلىغى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

# ئۈچىنچى، شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرى چامباشچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى

مۇدھىش كونا جەمىيەت بىرقانچە قېتىم نابۇت قىلىۋەتكەن شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چامباشچىلىقى ئاخىر باھار پەسلىنى كۈتۈۋالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئازاتلىقنىڭ ئاپتىۋىدىن بەھرىمەن بولۇپ، گۈللىنىش - راۋاجلىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى. 50 - يىللاردىن باشلاپ، زور بىر تۈركۈم مۇسۇلمان چامباشچىلىق ماھىرلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، مەملىكەت، شەرقىي جۇڭگو رايونى، شەندۇڭ ئۆلكىسى، ئۆز ۋىلايىتى ۋە شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە يىغىنلىرىغا قاتناشتى. تۆۋەندىكى چامباشچىلار مەملىكەت، شەرقىي جۇڭگو رايونى ۋە ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەركەت يىغىنلىرىغا قاتناشتى: جىنەنلىك ۋاڭ جاۋلىن، شىي دېبياۋ، جۇ زىخې، ۋاڭ شىنچۈەن، جۇ كاڭرېن، جىن يەننىيەنلەر، لياۋچېڭ ۋىلايىتىدىن ياڭ ئېنچېڭ، ۋۇ گۇيشياڭلار، جىنىڭ ۋىلايىتىدىن ليۇ رۇڭخەي، ليۇ يۇخۇڭلار، ۋېيفاڭ ۋىلايىتىدىن ياڭ زىبىن، زىبو شەھىرىدىن لى چاۋچۈنلەر. بۇلاردىن لى چاۋچۈن، جىن يەننىيەنلەر مەملىكەتلىك مىللىي شەكىلدىكى تەنتەربىيە يىغىنىدا ئويۇن كۆرسىتىش بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ياڭ ئېنچېڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە ئۆلكىلىك تەنھەركەت يىغىنىدا قىلىچ، نەيزە، شەمشەر، كالتەك، چامباشچىلىق تۈرلىرى بويىچە ئومۇمىي نومۇرى بىرىنچى بولدى. ۋاڭ جاۋلىن نۇرغۇن قېتىم مەملىكەتلىك ۋە شەندۇڭ ئۆلكىلىك تەنھەركەت يىغىنلىرىدا باش چامباشچىلىق رېپېرى بولدى.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىق چامباشچىلىق پائالىيىتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. كەينى - كەينىدىن بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇنلار ۋە ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى. دىڭتاۋ ناھىيىسىدىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جۇڭشاخەي، چيەنشاخەي كەنتلىرىدە ئەنئەنىۋى چامباشچىلىق ۋە ھازىرقى زامان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى تازا جانلىنىپ كەتتى. 1981 - يىلى باھاردا، خېزې ۋىلايىتىدە چاقىرىلغان مەملىكەتلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۆلكىلىك كومىتېتلار شۇجىلىرى يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى ئالايىتەن بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى دادۇينىڭ چامباشچىلىق بويىچە كۆرسەتكەن ئويۇنىنى كۆردى. "چامباشچىلىق ماكانى" دەپ نامى بار شېنشيەن ناھىيىسى جاڭلۇجېن بازىرى چامباشچىلىق پائالىيىتى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى تەربىيىسىنى بىرلەشتۈردى. بېيجيې كوچىسىدىكى 24 نەپەر تايانچ خەلق ئەسكىرىنىڭ ھەممىسى چامباشچىلىقنى بىلىدۇ. بۇلار ئۆلكىلىك ھەربىي رايوننىڭ ۋە لياۋچېڭ ۋىلايەتلىك شۆبە ھەربىي رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. يىدۇ ناھىيىسىدىكى مۇسۇلمانلار 50 - يىللاردىلا مەسچىتلەردە "مۇسۇلمانلار چامباشچىلىق تەتقىقاتى يۇرتى"نى قۇرۇپ، خۇيزۇلار مەھەللىسىنىڭ ۋە خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار بىرقەدەر مەر-

كەزلەشكەن دۆڭگۆەن بىرلەشمە ئوتتۇرا مەكتىۋى بىلەن چىڭلۇك بىرلەشمە ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ چامباشچىلىق پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى. بولۇپمۇ چىڭلۇك بىرلەشمە ئوتتۇرا مەكتىۋىدە چامباشچىلىق تازا ئومۇملىشىپ، ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەندى. مەكتەپنىڭ چامباشچىلار ئەتىرىدى نۇرغۇن قېتىم ناھىيىگە ۋە ۋىلايەتكە ۋاكالىتەن ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چامباشچىلىق مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. خۇيزۇ ئوقۇغۇچى ماجىيې يېقىندا ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چامباشچىلىق مۇسابىقىسىدە ئۈسمۈرلەر ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە بىرىنچى بولدى. ياڭگۇ ناھىيىسى جاڭچيۇجېن بازىرىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ۋۇ گۇيشياڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە ئۈسمۈرلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىۋىنى ئېچىپ، 300دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ چىقتى، بۇلارنىڭ نەتىجىسى ياخشىلىرىدىن بەزىلىرى بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىغا كىردى، بەزىلىرى چۇفۇ سىفەن ئىنستىتۇتىغا كىردى، يەنە بەزىلىرى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ تەنتەربىيە كومىتېتلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ۋۇ گۇيشياڭ ئىمام 1980-يىلى مەملىكەتلىك ئۈسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى. سامىل چامباشچىلىقىنىڭ يۇرتى — گۇەنشيەن ناھىيىسى نەنگۇەندىكى پىشقەدەم خۇيزۇ چامباشچىسى جاڭ زىيىڭ 1969-يىلدىن تارتىپ ئۆيىدە كۇرس ئېچىپ، سامىل چامباشچىلىقىنى 13 يىلغىچە خالىس ئۆگىتىپ، ئۆز قولى بىلەن 160 نەچچە شاگىرت تەربىيىلەپ چىقتى. 1982-يىلى ئۇنىڭ شاگىرتى ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چامباشچىلىق تەنتەربىيە يىغىنىدا قىلىچۋازلىقتا ئۈچىنچى بولدى.

ئامىۋى خاراكتېرلىق چامباشچىلىق پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، تەنھەرىكەت سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆسۈپ، يېڭى چامباشچىلىق تايانچلىرى يېتىشىپ چىقتى. 1982-يىلى ئەتىيازدا شەندۇڭ ئۆلكىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق مىللىي تەنھەرىكەتچىلەرنى تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچى، ئوقۇتقۇچى ۋە رېپېرلار جەمئىي 61 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 40 نەپەر خۇيزۇ تەنھەرىكەتچى، ئوقۇتقۇچى بار. 9-ئايدا كۆكخوتتا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتنىشىشقا تاللانغان تەنھەرىكەتچى-ئوقۇتقۇچىلار 12 بولۇپ، بۇنىڭ 11 نەپىرى مۇسۇلمانلاردۇر. بۇ 11 ئادەمنىڭ ئىككىسى 1982-يىل 5-ئايدا شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن جامباشچىلىق بويىچە كۆزدىن كەچۈرۈش-تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ، جاڭ چىڭخەي شەخسلەر بويىچە مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتناشقان 11 نەپەر تەنھەرىكەتچى يىغىنغا چامباشچىلىق، قورال بىلەن ئېلىشىش، قارىمۇ-قارشى ئېلىشىش ھەمدە يېقىندىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قوش بولقا چامباشچىلىقى ۋە ئايپالتا چامباشچىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 26 خىل چامباشچىلىق بويىچە ئويۇن كۆرسەتتى. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، 5 مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپ، ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. تەنتەربىيە يىغىنىدىن كېيىن، يەنە بېيجىڭغا كېلىپ 12-قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىگە ۋە پايتەخت خەلقىگە ئىككى مەيدان ئويۇن

كۆرستىپ، ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. سۈي ۋېنچىن كۆرسەتكەن قىلىچ ـ قامچا ئويۇنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە، يېڭى بولغاچقا كۆپ قېتىم تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. جاڭ چىڭخەي، لى شىئې كۆرسەتكەن قىلىچ ـ نەيزە ئېلىشىشى ھەركىتى كۆركەم، ماھارىتى پۇختا بولغاچقا ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ماجيې ئويناپ بەرگەن قىلىچۋازلىق قەيسەرلىك ـ باتۇرلۇق روھىنى ئىپادىلەپ بەرگەچكە، تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 11 ئادەمنىڭ يېشىدىن قارىغاندا، 50 ياشتىن 72 ياشقىچە بولغانلىرى 3 نەپەر، 30 ياشتىن يۇقۇرىلار 1 نەپەر، قالغانلىرى 30 ياشتىن تۆۋەن بولۇپ، ئەڭ كىچىكى 15 ياش. جىنسى پەرقىدىن قارىغاندا، ئايال تەنھەركەتچى 4 نەپەر بولۇپ، ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياشلىق، ياش ۋە ئۆسمۈر چامباشچىلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ يەكدىللىك بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەزمۇنىغا باي ئويۇنلارنى كۆرسەتكەنلىگىدەك بۇنداق مەنزىرە مۇسۇلمانلار چامباشچىلىغىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايەن قىلدى.

نۆۋەتتە، شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چامباشچىلىق پائالىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. شەھەرىدىمۇ، يېزىلاردىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ چامباشچىلىق جەمىيەتلىرى، چامباشچىلىق مەكتەپلىرى، چامباشچىلىق كۇرسلىرى ۋە چامباشچىلىق ئەترەتلىرىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈش مۇمكىن. كونا تىپلار مۇستەھكەملىنىپ، ئۇلارنىڭ دائىرىسى كېڭىيىۋاتىدۇ، يېڭى قۇرۇلغان جەمىيەت، كۇرس ۋە ئەترەتلەر تېز راۋاجلىنىۋاتىدۇ. پىشقەدەم چامباشچى ۋۇ گۇيشياڭ ئاخۇن مەسئۇل بولۇپ ئېچىۋاتقان ياڭگۇ ناھىيىسى جاڭچيۇ ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يېقىندىن بېرى كۆپىيىپ، ئىلگىرىكى 20 ـ 30 ئادەمدىن 100 نەچچە ئادەمگە يەتتى. سۈي ۋېنچىن ئاچقان خېزې ناھىيىسى لياڭجۇاڭ چامباشچىلىق كۇرسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىلگىرىكى ئون نەچچە ئادەمدىن 50 نەچچە ئادەمگە يەتتى. جىنەندىكى مۇسۇلمانلار مىللى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە جەمىيىتىنى قۇرۇپ، مەشھۇر چامباشچى جۇزىخېنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى، ھازىر بۇ جەمىيەتكە چامباشچىلىق ۋە چېلىشىشنى ئۆگىنىشكە ئۆزىنى تىزىملاتقانلار 400 دىن ئېشىپ كەتتى. كۆكخوت تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، چۇفۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇئەللىم بولغان ۋاڭ لى مەكتەپتە چامباشچىلىق ئەترىدى قۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ، ئاساسي ماھارەت ۋە ئاساسي تېخنىكا مەشقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرمۇنچە مۇسۇلمانلار شەندۇڭ ئۆلكىلىك مىللى ئىشلار ھەيئىتىگە خەت يېزىپ، چامباشچىلىق مەشقىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ ئوبدان نەتىجە يارىتىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا كۈچ تەشكىللەپ، قېزىش ـ رەتلەش خىزمىتىنى ئىشلەپ، يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە ئۆلكە بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ھەركىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، شەندۇڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چامباشچىلىغىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتىرىشنى تەكلىپ قىلدى.

# ئۇممەت ۋە تەكلىپ

باۋ جيەنخاڭ


1983 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، گۇيجۇ ئۆلكىلىك جايلار تەزكىرىسى تۈزۈش كومىتېتى ئۆلكە خاراكتېرلىق جايلار تەزكىرىسى تۈزۈش خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى. دىن تەزكىرىسى مەخسۇس تەزكىرىلەرنىڭ بىرى قىلىپ كىرگۈزۈلدى، گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىسلام دىنى تەزكىرىسىنى يېزىشقا گۇيجۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتى مەسئۇل بولىدىغان بولدى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ ئىش گۇيجۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتى ئۈچۈن بىر شەرەپلىك ئىش ھېساپلىنىدۇ.

شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، ئىلگىرىكى كونا جايلار تەزكىرىلىرىدە دىن تەزكىرىسىگە دائىر مەزمۇن پەقەت يوق. گۇيجۇ ئۆلكىسىنى ئالىدىغان بولساق، ئىسلام دىنىنىڭ گۇيجۇ ئۆلكىسىگە تارقالغىنىغا 700 يىلدىن كۆپرەك بولغان بولسىمۇ، كونا جايلار تەزكىرىلىرىنىڭ بىرنەچچىسىدىلا شۇ جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ياسالغان دەۋرى ئاندا - مۇندا تىلغا ئېلىنغان، ئىسلام دىنىنىڭ تارىخي ئەھۋالى ئۈستىدە زادىلا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. بۈگۈنكى كۈندە، خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلغانلىقى، ئىسلام دىنىمىز دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلارنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى تەزكىرىسىنى جايلار تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، بۇمۇ بۈگۈنكى كۈندە تۈزۈلىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى جايلار تەزكىرىسىنىڭ يېڭى مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. كونا جايلار تەزكىرىلىرىگە ئىسلام دىنى تەزكىرىسىنىڭ كىرگۈزۈلمىگەنلىكى دەل كونا جەمىيەتتىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ دىندىن ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دىنىنى كەمسىتىپ، بېسىپ، ھەتتا دىنىي مەسىلىنى قوراللىق كۈچ بىلەن ھەل قىلماقچى بولۇپ، ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشتى.

ھازىرقى ۋاقىتتا تەزكىرە تۈزۈش دەۋرىنىڭ


ئېھتىياجى، خەلقىنىڭ ئېھتىياجى. 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكەت بويىچە تېچ - ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىدىمۇ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ ھال "گۈللەنگەن دەۋردە تەزكىرە تۈزۈش" نى كاپالەتكە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە جىددى تەلەپ قويدى. ھازىر، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى جايلار تەزكىرىلىرى تۈزۈلۈۋاتىدۇ، ئىسلام دىنىمىز جەھەتتىن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار بارلىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆز جايىدىكى ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى ئومۇمى يۈزلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كەڭ دائىرىدە ماتېرىيال توپلىشى لازىم؛ مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھۆججەتلەرنى كۆرۈشى ھەمدە ماتېرىياللارنى سېستىمىلىق رەتلەپ چىقىشى لازىم، بەزى ماتېرىياللار پارچە - پۇرات بولغان بولسىمۇ، بەزى تارىخىي ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىق كېرەك؛ يەنە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قوشۇمچە قىلىش ئۈچۈن، تەرىپ ماتېرىياللارنى قوتقۇزۇش لازىم، چۈنكى كونا تەزكىرىلەردە ئىسلام دىنىغا دائىر يازما ماتېرىيال ناھايىتى ئاز بولغاچقا، بەزى تارىخىي ئەھۋاللار، كۆپىنچە، ئېغىزدا تارقىلىپ كەلگەن، شۇڭا ئەھۋالنى بىلىدىغان ياشانغانلاردىن ئەھۋال ئىگەللەش جىددى ئىشلەشكە تېگىشلىك بىر ئىش ھېساپلىنىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا، تارىخنى ئىسپاتلاشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار ئىسلام دىنىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى لازىم. قىسقىسى، ھازىرقى ئەھۋالغا دائىر ماتېرىياللارنىمۇ، تارىخىي ماتېرىياللارنىمۇ توپلاش كېرەك.

ھەرقايسى جەھەتلەردىن توپلىغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارغا ئىگە بولالايمىز، تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن شاكىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىپ قېلىش ۋە ساختىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىيەلەيمىز، ئاندىن ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيمىز. ھەرقايسى جايلار ئۆز جايىنىڭ ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى ئەينەن يېزىپ چىقسا ئېلىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمى تارىخىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئاساسلىق ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بەرگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئاكتىپلىق بىلەن ئۆز رايونىمىزنىڭ ئىسلام دىنى تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، بۇنىڭغا ئۆز ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك، بۇمۇ بىزنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى ئارزۇيىمىز.




نيۇجيې مەسچىدى خانـقاسىـ
نىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى

نيۇجيې مەسچىدىنىڭ خانىقاـ
سىدىكى مىھراپ تېمـىغا يېزىلـغان
ئايەتلەر ↓



نيـۇجيـې مەسـچىدىـدە
ساقلانغان ساپال ئىسرىقدان
(تۆۋەندىن سول تەرەپتىكىسى

نيۇجيـې مەسـچىدىـدە
ساقلانـغان قەدىمـىي مىـس
ئىسرىقدان ۋە شامدان
(تۆۋەندىن ئوڭ تەرەپتىكىسى)





بۇ ژورنالنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى خوجائابدۇللا ئوسمان، ئوسمان
مولەك، تۇرغۇنجان سۇلتان، ما شىڭرېن، ئالىمجان سابىت ئىشلىدى


中国穆斯林（维吾尔文版）1984年 **第3期**（总16期）　جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1984-يىل 3-سان

**出版：** 中国穆斯林编辑部
地址：北京宣武区南横西街103号

**印刷：** 民族印刷厂

**制版：** 北京市制版厂

**订购发行：** 北京伊斯兰教经书流通处
地址：北京宣武区南横西街103号

نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجيې كوچىسى 103-قورا)

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇدى

تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجيې كوچىسى 103-قورا)

北京市期刊登记证第837号　　・公开发行・　　**每册定价：0.30元**